ئادىل تۇنىياز

# دېڭىزدىكى كوپا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ





ئادىل تۇنىياز

# دېڭىزدىكى كوپا

(شېئىرلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

图书在版编目(CIP)数据

大海里的街道/阿迪里・土尼亚孜著. 一北京:
民族出版社，2006.3
ISBN 7-105-07584-8

Ⅰ.大… Ⅱ.阿…Ⅲ.诗歌—作品集一中
国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 022132 号

出版发行: 民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址: 北京市和平里北街 14 号 邮编: 100013
电 话: 010-64290862 (维文室)
印 刷: 北京迪鑫印刷厂
版 次: 2006年3月第 1 版 2006年3月北京第 1 次印刷
开 本: 850 毫米×1168 毫米
印 张 12.625
印 数: 0001-2500 册
定 价:28.00 元

# كىرىش سۆز

شائىر ئېگىز - ئېگىز بىنالار ئارىسىدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار ۋە ئالدىراش كىشىلەر توپىغا جىمجىت سوئال تاشلىدى. يېڭى ياغقان قاردەك بۇ گۈزەل شېئىرلار قارىماققا نۇرغۇن نەرسىنى كۆمۈپ قويغاندەك، ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭغا چۆككەن چاغدا ئەتراپىمىزدىكى تونۇش شەيئىلەردىن بۇرۇن بايقىمىغان يېڭىلىقنى بايقايمىز، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىن سىڭىپ كىرىۋاتقان بەزى زامانىۋى يېڭىلىقلاردىن شۈبھىلىنىپ قالىمىز، شۇنداقلا ئۆز ھاياتىمىزدىكى بوشلۇقلارغا يېڭىۋاشتىن نەزەر سالىمىز.

شائىر بىزنىڭ ئارىمىزدىكى قىزغىن ئەمما تەنھا پىكىر يۈرگۈزگۈچى. ئۇنىڭ تەپەككۇر تورى مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى ئەڭ ئۇششاق ھادىسىلەردىن باشلاپ كائىناتقىچە سوزۇلغان. يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا كىچىكلەپ كېتىۋاتقان ئادەم تىركىشىۋاتقان سۇۋەرەك، سۇ، كومپيۇتېر، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن شائىرنىڭ ھاياجانلىق بايقىشى، رېئال دەقىقىلەردىكى تارىخىي تۇيغۇ، جىنسىي ئېنېرگىيە بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ... مانا بۇلار ئادىلىنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق قەلب ئەينىكىمىزدە ئەكس ئېتىۋاتقان شولىلاردۇر. شائىر بۇلارنى بەزىدە قوشاقتەك ئاددىي مىسرالار بىلەن ئۇدۇللا ئىپادىلىسە، بەزىدە چاچما تەسەۋۋۇر، ئىشارە، ئوخشىتىش، دىئالوگ ۋە ئۇزۇن - ئۇزۇن غالجىر

مىسرالار بىلەن شېئىرنىڭ قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بىراق، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئانا تىلىنىڭ ئەڭ قىزغىن ھىمايىچىسى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سادىق مۇرتى، شېئىر ئارقىلىق بىكى تەپەككۇر بوللىرى ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى.

مەيلى ئۆز شېئىرىنى ئىنگلىزچە بېزىپ خەلقئارالىق توردا ۋە ئامېرىكىدىكى شېئىرىيەت مەجمۇئەلىرىدە ئېلان قىلغىنىدا بولسۇن، مەيلى پۈتۈن زېھنىنى، كېچە ـ كۈندۈزلىرىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلىغاندا بولسۇن، ئادىل تۇنىياز ئارىمىزدىكى ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە غايىسى ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان قەلەم ساھىبلىرىنىڭ بىرى. شۇنداق بولغاچقا، دوستلىرى بوش ۋاقىتلاردا ئۇنى خالىغانچە تاپالمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا تېلېفون يوق، پەقەت كۆڭۈل تېلېفونى توختىماي جىرىڭلاپ تۇرغان ۋە ئۇنى ئىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان كىشىلەرلا شائىرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قانداق ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. بەس ـ مۇنازىرە قايناپ كەتكەن تور چايخانىلىرىدا ئۇ يەنە يوق، چۈنكى ئۇمۇ شۇنداق سىردىشىشلارنى چىن كۆڭلىدىن سېغىنىسىمۇ، بىر مىللەتنىڭ شېئىرىي ئاۋازىنى دۇنياۋى سىرداشلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ باشقىلاردىنمۇ بەك ئالدىراشقا، باشقىلاردىنمۇ كۆپ ۋاقىتقا ۋە تېخىمۇ كۆپ سۈكۈتكە موھتاج.

ئادىل تۇنىياز 1970 ـ يىلى قەشقەر قاغىلىقتا تۇغۇلغان، تۇنجى شېئىرى «سوزۇك سۇ» 1982 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ كەلگەن. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1992 ـ يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» نەشر قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن «بويتاق

شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، «چۈمبەلدىكى كۆز» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ۋە «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق ماقالە ـ ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «دېڭىزدىكى كوچا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شائىرنىڭ بەشىنچى كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى شېئىرلىرى ۋە يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە يازغان يېڭى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

سىز «دېڭىزدىكى كوچا» ناملىق بۇ توپلامنى ئوقۇغىنىڭىزدا، شائىرنىڭ شېئىرىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى تولۇق كۆرۈپ يەتكەندىن باشقا هەر قانداق هۆزۈرمۇ ئورنىنى باسالمايدىغان چوڭقۇر بىر شېئىرىي لەززەتنىڭ سىزنى ئاستا ـ ئاستا مەستخۇش قىلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىسىز ۋە بارا ـ بارا بۇ شېئىرلارغا خۇمار بولۇپ قالىسىز.

## مۇندەرىجە

### سۆيۈپ قالسام سىنى ناۋادا

(1987 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە)


بالىلىق ........................................ 3
كېچەلمەيمەن ........................................ 6
قىش ........................................ 7
ياغماقتا يامغۇر ........................................ 8
سەن باھارنى سېغىنىمىدىڭمۇ ........................................ 9
يىراق جاي ........................................ 11
سۆيۈپ قالسام سىنى ناۋادا ........................................ 12
دوقمۇش ........................................ 14
يۈرىكىم سۆزلەيدۇ ........................................ 17
دان تۇتقان شېئىر ........................................ 19
يېنىمدىكى ئادەمگە ........................................ 21
سەھرادىكى غېرىب كۇلبەمدە ........................................ 23
يولۇچى ........................................ 25
چۇشكە قايتىش ........................................ 27
كىچىككىنە يېزا بازىرى ........................................ 29
چۆچەكلىرىم ........................................ 34
ئالتۇن قونچاقلىق مەلىكە ........................................ 38
كەپىنەك ........................................ 40
بىر چىغىر يول ........................................ 42
رەسسام ........................................ 43

پەردە كەينىدە ........................ 44
تۇغۇلغان كۇنۇڭ ........................ 46
سالام دېرىزە ........................ 48
قىش........................................ 50
قۇش يۇرىكى يوپۇرماق ........................ 52
كۇن شەرقتىن پاتار غەربكە........................ 54
تاغلىق شەھەر ........................ 57
خەت........................................ 59
بىر تال قۇرت ........................ 62
خوش، چۆچەكلەر ........................ 63
قىز ........................................ 65
ۋاقىتنىڭ سىرتىدا ........................ 67
قۇشلارنىڭ خېتى ........................ 69
ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى (داستان) ........................ 71

## كىچە مېنىڭ كارىۋىتىمدا

(2003 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە)

ئىككىنچى ئوغلۇم ........................ 93
قىلىچ ........................................ 95
ئايلىنىش ........................................ 97
كىتاب ........................................ 99
ئىككى مۇشۇكلۇك جۇۋان ........................ 101
مازار يۆتكەش........................................ 104
رابىيە ـ سەئىدىنىنىڭ تويى ........................ 128
كورلىلىق چوكان ........................ 129
تاغلار........................................ 131
دالا تامىقى........................................ 133

قۇتلۇق كۈن .......................... 135

ئەلىنىڭ تۇخۇمى .......................... 137

چىش يۇدۇرۇش .......................... 141

مۇناجات .......................... 143

سۇ .......................... 145

چۈشتىن كېيىن .......................... 147

دېرىزە ئالدىدا .......................... 149

كۆز تامچىلىرى .......................... 151

توقال .......................... 153

شەھەردىن چىقىش .......................... 155

ئۈستەل چىرىقى ناخشىسى .......................... 157

ستوكھولمدىكى ئۇيغۇر .......................... 158

شەپكەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن .......................... 161

چۈش .......................... 163

قېنىم .......................... 165

ئويغىتىش .......................... 167

تۇنجى قار .......................... 169

روزا ھېيت كەلدى .......................... 172

ئايدىكى ئىت .......................... 174

بەزى كۈنلەر .......................... 176

رىۋايەت .......................... 179

كەپتەرۋاز .......................... 181

تاغلىق شائىر .......................... 183

غۇلجىغا سالام .......................... 185

سۇۋەرەككە مەدھىيە .......................... 188

ئەتلەس .......................... 192

كوچىدىكى ئادەم .......................... 195

ئائىشەنىڭ بەش پەسلى .......................... 197

دېڭىزدىكى كوچا ........ 200

ئانام كەلدى ........ 206

قىيپاش ئۆلۇش ........ 208

34 يېشىم ........ 211

ئىنگلىز تىلى ........ 212

$H_2O$ ........ 215

ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ ئۇپۇقىدا ........ 217

چامغۇر ........ 219

ئۇيقۇسىزلىق ........ 222

يەنە بىر تېرە ........ 223

قەدىمىي مىللەتنىڭ شوخلۇقلىرى ........ 226

تېۋىپ ........ 230

يەلتاشما ........ 233

غېرىبنامە ........ 235

كۆكلەم كەلمەكتە ........ 237

يامغۇر پۇرىقى ........ 239

بېھى يېگەن باللار ........ 241

ئوچۇق ........ 244

يالغۇز سۆگەت ........ 245

ئۆي ئىشىغا مەدھىيە ........ 246

ئۇرۇمچىدە مۇساپىر ........ 249

ئىككىنچى ئەتىياز ........ 250

ئانا تىل ........ 253

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ........ 255

ئۇژمە پىشتى ........ 256

توپا رەڭ ئاپتاپ ........ 258

ئۇزۇلگەن تۇگمە قەسىدىسى ........ 260

كىتابلار ........ 262

ئەتىگەنلىك شائىر ........................ 265
چىرايلار ........................ 267
ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭلار ........................ 269
ئوغۇللىرىمنىڭ چۇمۇلە پادىشاھلىقى ........................ 272
يامغۇر ........................ 276
دەريا قىزى ........................ 277
نۇرغۇنلىغان تاشلار ئىچىدىكى قاشتېشى ........................ 279
ھۇسەينىيە مەكتىپى ........................ 281
تۆكۈۋېتىلگەن تاماقلار ........................ 285
دوختۇرخانا ........................ 288
سىمدىكى ئادەم ........................ 291
مېيىت نامىزىدا چاقنىغان ئويلار ........................ 293
كېچە مېنىڭ كارىۋىتىمدا ........................ 295
تارىم دەرياسى ........................ 297
قاغىلىق ياڭىقى ........................ 299
كاۋاپچى ........................ 301
تۇنجى ئوغلۇم كىردى مەكتەپكە ........................ 304
ئوسمىنىڭ جېنى ........................ 311
بىر چىۋىن لەلەڭلەپ ئۇچۇپ يۈرەر ........................ 315
دەم ئېلىش كۈنى ........................ 317
ئۈزۈم ........................ 319
تەمسىلدە ياشاش ........................ 320
مۇ قۇرۇقلۇقى ........................ 321
يەر ئاستى ........................ 325
ئاي تولدى ........................ 327
ئاۋاز ........................ 328
قارىياغاچنىڭ ئەگمەچ قوللىرى ........................ 330
شام ........................ 332

ئالىقاندىن ئالقانغا ........................ 333
بازار ئايلىنىش ........................ 334
ئوغلۇمنىڭ تىلى چىققان كۈنلەردە ........................ 336
1970 ـ يىل ........................ 338
قۇم، شېغىل تاش، سۇ ........................ 340
تامدىكى شائىر ........................ 342
كىيىم ئاسقۇدىن كەلگەن پىكىرلەر ........................ 345
جىگدە تۈۋى مەسچىت ........................ 348
بىر مۈشۈكنىڭ يان كۆرۈنۈشى ........................ 350
ئاي كۆرۈندى ........................ 351
ياچۇۋەك ........................ 353
ئون بىرىنچى مىسرادىكى ئادەم ........................ 355
يۆتەل ........................ 357
ئۇيغۇر ........................ 359
كىتابخان ........................ 361
غوڭقا ........................ 365
يېرىم ئاسمان ........................ 367
ئاياللار كېسىلى ........................ 369
ئىشخانىدىكى يۈز ........................ 373
خوتەن ........................ 375
قارىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ........................ 377
قاغىلىق ........................ 381
ئۆي نەزمىلىرى ........................ 384
ياڭاق مېغىزى ........................ 387
قۇشقاچلار شاختا ........................ 389
تۇز ........................ 390
يۇيۇنۇش ........................ 392

# سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا

1987 — 1991

## باللىق

ئاق قوزىدەك شوخ، تىنىمسىز
باللىقىم، باللىق.
ئاش يېيىشتە قالتىس باتۇر،
قىلغان ئىشتا چاللىق.

سۆڭگۈچ ماراپ، چۈنەك ئاتلاپ
قۇشتەك پەرۋاز ئەيلىگەن.
بۇلدۇق - بۇلدۇق ئېقىنلاردا
بىر چۆكۈپ بىر لەيلىگەن.

غورا غاجاپ، چىشلار قاماپ
شاختىن شاخقا ئاتلىغان.
ئاخشاملىرى قورساق مۇجۇپ
ۋاي - ۋايلىغان داتلىغان.

ئانام قاپاق تۇرسە سۆيگەن
گىرە سېلىپ بوينىغا.
قەن دادام دەپ ھەر كەچلىكى
كىرىۋالغان قوينىغا.

دوستلار بىلەن توشقان قوغلاپ
كەچ بوپ كەتتى دېمىگەن.

ئانا ئېشىك مۆزدەككەن دەپ
يامانلىغان يېمىگەن.

ئاي تۆگۈلۈكتىن مارىلىسا
ئاكام بىلەن تالاشقان.
يۇلتۇزلارنى ساناپ يېتىپ
كۆزگە ئۇيقۇ ياماشقان.

ئوتتەك ئىدى، چوغدەك ئىدى
بىرىنچىگە كۆچكەن چاغ.
«ئا» يازالماي دەپتەر بوياپ
لەۋدىن كۈلكە ئۆچكەن چاغ.

ئۇخلا، دېسە كېچە ـ كېچە
تاپشۇرۇقلار ئىشلىگەن.
بىرنى يېزىپ، ئوننى جىجىپ،
يۇزلەپ بارماق چىشلىگەن.

دالىلاردا قالدى ناخشام،
دالىلاردا قالدى ئۈن.
قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتتى
ئەشۇ ئوتلۇق، ئويناق كۈن.

مەن كۆزۈمنى ئاچقۇچە، ئاھ،
باللىقىم خوشلاشتى.
مەن سىلەردەك ئويناي دېسەم
ساقال ـ بۇرۇت پۇتلاشتى.

بالىلار مەن سىزگە بەردىم
بالىلىقنى سورىماڭ.
ماڭا قاراپ كۈلۈڭ مەيلى
لېكىن مېنى دورىماڭ.

1987 - يىل، قاغىلىق.



# كېچەلمەيمەن

يۈزۈڭ گۈلدۈر لېۋىڭ غۇنچە ئەگىپ ھەر چاغ كېتەلمەيمەن،
دىدار ۋەسلىڭ گويا ۋەيلۇن كۆڭۈلدىن يوق ئېتەلمەيمەن.

كۆزۈڭ ئوكيانمىكىن چەكسىز ياساپ دولقۇن نەزەر سالسام
ئەجەپ چوڭقۇر ئۇنىڭ تەكتى غۇلاچ تاشلاپ يېتەلمەيمەن.

جېنىم چىقماي كۆيەر دوزاخ ئوتى جىسمىم ۋۇجۇدۇمدا
پەرىزاتقا كۆيۈپ قالغان نېمانداق بىر بىتەلەيمەن.

خۇمار ھۆسنۈڭگە ئاي ـ چولپان باقار توق ـ توق سەھەر ـ ئاخشام
نىچۇن بىر مەن بولۇپ يۇلتۇز دېرىزەڭنى چېكەلمەيمەن.

تولۇپ ھۆسنۈڭ تۆكەر شەربەت يېرىپ پىشقان ئانار ئوخشاش
زىبا قەددىڭ ئەجەپ يۈكسەك ھەۋەس قىلسام ئېگەلمەيمەن.

قېشىڭ كىرپىكلىرىڭ سەپراس قاراۋۇلى شاھىنشاھىنىڭ
قىلىچ ـ شەمشەر ئارا سۇلتان كېيىپ ساۋۇت تېگەلمەيمەن.

قۇياشسەنكى بېشىمدا تىك چېچىپ ئاتەش كۆيۈپ تۇرغان
نىگاھىم كور تېنىم گۈلخان كۆزۈم بىر رەت تىكەلمەيمەن.

ئەجەپ قىلدىڭ ئەجەپ قىلدىڭ ئېچىلماستىن خەمەك قىلدىڭ،
كۆزۈمدە ياش دىلىمدا قان بىراق سەندىن كېچەلمەيمەن.

1987 ـ يىل

# قىش

ئۇپۇق ئۇزرە يېيىپ سۇس پەردە
سوغۇق شامال تۆكەر ئاق چېچەك.
مەجنۇنتاللار تۇرار ھەر يەردە
مىسكىن موماي ئارتقاندەك لىچەك.

قارلىق دالا چېتىدە بىرە
ساي توشقىنى قالار كۆرۈنۈپ.
قاخشال يۇلغۇن سالغاندەك گىرە
ماموق قارغا ياتار بۆلۈنۈپ.

ھۆكۈم سۇرەر ئەتراپتا جىملىق
مۇز ئاستىدا شىلدىرلار بۇلاق.
باھارنى چۇشەپ ئوت چىملىق
تاۋۇشلارغا سالىدۇ قۇلاق.

1987 ـ يىل، قاغىلىق.

# ياغماقتا يامغۇر

توكۇلداپ چۈشمەكتە ياغماقتا يامغۇر
بىر گۈزەل ناخشىغا تولۇپ كەتتى يەر.
ئاق تېرەك قەددىنى كۆمگەندەك ئاق نۇر
كۈمۈش رەڭ ياپراقلار سىلكىمەكتە پەر.

گۈللەرنىڭ قەلبىدە يېقىملىق ناخشا
چىمەنلەر لېۋىدىن تۆكۈلىدۇ كۈي.
ساھىلى دەريانىڭ شىۋىرلار ئاستا
«ئامرىقىم كەل بۇيان، سۆيەڭ مېنى سۆي».

كۆكسىدە مەرۋايىت يۈيىنار لالە،
مەست بولغان جىسمىنى قۇچىدۇ شادلىق.
قىز ۋىسال كېچىسى قىلغاندەك نالە
ئەتراپقا سادالار تارار بىر تاتلىق.

تەبىئەت نازلىنىپ كۆرسەتتى جامال
چاچرىدى قەترىلەر چاچرىدى ئاق نۇر.
ئەركىلەپ ئۆتكەندەك راھەتلىك شامال
شىلدىرلاپ تۆكۈلەر، تۆكۈلەر يامغۇر.

1988 ـ يىل، قاغىلىق.

# سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ

(ئابدۇللا ئارىپوۋ ئىزىدىن)

زۇمرەت ئاسمان تۇرار كۆز چېقىپ،
دۆڭدىن ئەگىز ئاقار شىرىلداپ.
ئەجەپ ئوتلۇق خۇمارلىق بېقىپ،
ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېلەر كۈن.
بىراق سەندىن يوقتۇر شەپە ـ ئۈن،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

كىيىكلەرنىڭ سەكرەشلىرىدىن
قامىتىڭنى ئالىمەن ئەسكە.
گۈللەر ئۈزدۈم ئېتىز قىرىدىن،
لېكىن ساڭا ئوخشىماس بەرى.
ئەي خىلۋەتكە مۆكۈنگەن پەرى،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

كۈمۈش تەڭگە چاچىدۇ بۇلاق
قىياقلاردا يالتىرار شەبنەم.
كۈيلىرىگە سالىمەن قۇلاق،
يۈرىكىمدە مۈڭلۈق بىر رىتىم.
كۆرگىنىم يوق سېنى بىر قېتىم،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

## يىراق جاي

جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار
شاخ ئۇستىدە تىترەر ئاي.
كۈمۈش ئورمان چاقنار سۈس،
يېتىمچىدەك مۇڭ چىراي.
پىل ـ پىل قىلغان بىر نۇر بار،
ئۇ يىراق جاي، يىراق جاي.

دۇنيا جىمغۇر ھەم سوغۇق،
توڭلاپ قالغان مۇردىدەك.
بۇلاق يىغلار نەدىدۇ،
قاخشال چۆپتە يوق بىزەك.
بىر ناخشا بار، بار بوغۇق،
ئەمما ئۇ بەك يىراق جاي.

ئۆلۈكلا يوق مازاردا،
گۈل ئەمەسمۇ ئاپئاق قار.
تىزىپ يۈرگەن گۈلدەستە،
نەۋرىلەر بار، تاڭلار بار.
يوقلاي دېسەم باھاردا
ئۇ بەك يىراق، يىراق جاي.

1989 ـ يىل 3 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىللىق شامال مەست قىلار مېنى،
قوللىرىدا ئويناپ ئەركىلەپ.
چىمەن ئىچرە ئويلايمەن سېنى
ھىدىڭ كەلمەس، كەلمىدىڭ بىراق.
كېپىنەكلەر ئۇچقاندا يىراق،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

باغلار گۈزەل، نازلىنار غۇنچە
يېشىللىققا پۈركەنگەن ئەتراپ.
گۈزەللەشتى تەبىئەت شۇنچە
لېكىن شاتلىق بېرەلمەس ماڭا.
باھار قۇچاق ئاچماقتا ساڭا،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

1988 ـ يىل، قاغىلىق.



بارمىقىڭنى ئويناپ ئولتۇرۇپ،
مۇڭداشمىدىم قانغۇدەك تېخى.

قاقشال كاككۇك گۈلى تۈۋىدە
ھەر باھاردا ساقلىدىم سېنى.
يۈرىكىڭگە ياتسام باش قويۇپ،
چۈشلىرىڭدىن ھەيدەمسەن مېنى؟

قۇياش ماڭا كۆتۈرەرمۇ تىغ،
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا.
سورىسامەن ئىسمىڭنى، چوقۇم
ئاسمان - زېمىن بېرىدۇ سادا.

1989 - يىل 6 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا

قۇياش ماڭا كۆتۈرەرمۇ تىغ،
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا.
سەن ھەققىدە بېرەرمۇ سۆزلەپ،
پورەكلىگەن گۈللەر باھاردا.

سۇ ئۇسقىلى چىقساڭ بۇلاققا،
يۇتۇۋالماق بولارمۇ بېلىق.
كۆرۈپ قالسا سېنى ئاھۇلار،
جان بېرەرمۇ تارتمايلا تىنىق.

زىناقلىرىڭ ئېچىلسا گۈل - گۈل،
كۆمۈلەرمۇ گۈللەرگە ئالەم؟
چاچلىرىڭنى يايساڭ دېڭىزدەك،
تاڭ ئاتارمۇ بۇندا، ئەي لالەم.

چۈشلىرىمگە سىغماي كۆزلىرىڭ،
چۆكتۈرەرمۇ تاشقىنلاپ مېنى.
كۆرۈپ قالسا يەپ كېتەرمۇ ئاي،
كۆزلىرىڭنىڭ چوقۇپ ئېقىنى.

كۈيلەشمەكتە تىنىق يۇلتۇزلار،
ئاي بىلەن كۈن سۆيۈشكەن چېغى.

كۆردۈمكى ئۈستىدە ئاپئاق كېپەنلەر
تەنتەنە ئۈسۈلى ئوينىغان ئادەم.
ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ كۆلكىگە ئەسلا،
راست دېگۈم كېلىدۇ بىر تامچە ياشنى.
ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ دېڭىزدىن باشقا،
بار دېسە دۇنيادا قىرغاقنى، قاشنى.
ئىنساندىن ئەبەدىي گۇمانلىنىمەن،
گۇمانلىق گۈل - گىياھ، يوپۇرماقلارمۇ.
گۇمانلىق قەبرە ئۇ چوقچايغان تاغلار،
باھاردا گۈلدەستە سۇنغان ئاق قارمۇ.
كېچىلەر تۇتقۇن قىپ تەسكەي ئۇپۇقتىن،
ئېپ كېلەر ئالدىمغا قۇياشنى يالاپ.
ئېھ، مەن تەبىئەتنىڭ كۆيئوغلى بولۇپ،
دوقمۇشتا ئۇن - تىنسىز تۇرىمەن قاراپ.

3

بىر قايناق بازارغا تۇتاشتۇر بۇ يول،
ئەي قۇياش، كەل، سەنمۇ بولغىن سودىگەر.
باي بولۇپ كېتىسەن بارچە ئادەمدىن،
تەھقىقكى نۇرۇڭنى ساتساڭلا ئەگەر.
سېتىلار بۇ يەردە ئادەمگەرچىلىك،
سېتىلار مۇھەببەت، ئېتىقاد، ئارمان.
يۈرەكلەر تىزىقلىق باھاسى بىلەن،
نېمىنى خالىساڭ شۇ سېنىڭ ھامان.
ئەي قۇياش، سەن بولماي قالدىڭ سودىگەر،
كۆر قايناق بازارنى ئاجايىپ ھەيۋەت.

## دوقمۇش

1

دوقمۇشقا كېلىپلا توختاپ قالىمەن،
قولۇمدا بىر پىچاق ھەم بىر دەستە نۇر.
بۇ يەردە قاتىللىق يۈز بەرسە ئەگەر،
ئۆزۈمنىڭ قاتىلى ئۆزۈمدۇر جەزمەن.
نۇر مېنىڭ ئەمەستۇر، قۇياشنىڭ ئەسلى،
تىلىگەن مەن ياكى ئالغان ئارىيەت.
تەھقىقكى تەزىيە مۇراسىمىدا
ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلەر ھەقىقەت.
بارچە يول تۇتاشتۇر دوقمۇشلار بىلەن،
دوقمۇشتۇر يوللارنىڭ بېشى ھەم چېكى.
دەل مانا شۇ يەردە ئايرىغلىق ھامان —
ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ چېگرا سىزىقى.

2

مەن تەبىئەتكە كۆيئوغۇل بولۇپ
قايتىدىن كۆزەتتىم بارچە نەرسىنى.
ئىنساننىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بىلەن
قۇياشنىڭ كەينىدە تۇرغان سايىنى.
كۆردۈممەن تەبىئەتنىڭ سۆكۈتى بىلەن،
ئاچچىق بىر مەسخىرە كۈلكىسىنى ھەم.

## يۈرىكىم سۆزلەيدۇ

مەن،
ئادەمگە خاس چىرايىم بىلەن
پۇت - قوللىرىم، كۆزلىرىم بىلەن،
ماماتىمنى قالدىم يوشۇرۇپ.
سۆزلىمەكچى بولغاندا،
قورقىتىپ ۋە پوپۇزا قىلىپ،
ۋۇجۇدۇمنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا
يۈرىكىمنى قويدۇم باستۇرۇپ.
دوقمۇشلاردا قالسام ئۇچرىتىپ،
قەلەندەرلىك قىلغان ئۆزۈمنى،
سەدىقەمنى مەھكەم سىقىمداپ،
يۇمۇۋېلىپ ماڭدىم كۆزۈمنى.

يۈرىكىم بىر ناخشا ئېيتماقچى بولۇپ،
يىغلاشقا باشلىدى ئېيتالماي تولۇق.
ئۇ شۇنداق سۆزلەيتتى ئېسەدەپ تۇرۇپ:
ئۇنتالماس شاختىكى ئىككى قۇشقاچمۇ،
بىر چۈشنى تەڭ كۆرگەن، ئاخشامنى ئەبەت.
نېمىشقا بىر مەنلا ئىختىيارىمچە،
خالىغان چۈشلەرنى كۆرمەيمەن پەقەت.
بىر تال قىلىنمۇ كۆتۈرەلمەيمەن،
تەئەللۇق بولمىسا ئەگەر ئۇ ماڭا.
كۈلگەن بولسام سىنىڭ كۈلكەڭنى،

ھەممىسى سودىنى قىلار نىقابتا،
يەر بىلەن ئاسمانلا ئاشكارا پەقەت.
بىر قايناق بازارغا تۇتاشقان بۇ يول،
تۇرىدۇ دوقمۇشقا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل.

1989 ـ يىل 11 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



# دان تۆتقان شېئىر

ئانا،
دان تۆتقاندا ئالتۇن باشاقتەك،
ئورۇپ كېتەر كىم مېنى؟

ئانام ئۆگدەپ قالغان بىر كۈنى،
خاماندىكى كۆك پاختەك
ئۇخلاۋاتقان ئەنجە ئۈستىدىن،
چاقناپ تۇرغان ئۈنچە ئىچىدىن،
ئېلىپ كەتكەن چوقۇلاپ مېنى.
كۆزلىرىمدىن،
ماراۋاتقان قۇش باللىرىنى،
بۇلاق كەبى تىنىق دۇنيانى،
چۆكۈپ كەتكەن تىنىق ئاسماننى،
يالپۇزلارنىڭ چېچەكلىرىنى،
قۇم ئېرىقنى، گۆھەر ياپراقنى،
تارتىپ كەتكەن نۇر يىپلىرىدا،
لەگلەكسىمان قۇياشنى ھەتتا...

ئانا،
ئورغاقسىمان ھىلال ئاي،
ئورما ئورۇپ يۈرگەن ئېتىزدا،
ھېلىغىچە ئىزدەمسەن مېنى؟
بەلباغ چەگكەن بولۇتلار،

ئىشەنگىن قايتۇرۇپ بېرىمەن ساڭا.
ئالغان بولسام ئىسمىڭنى تىلغا،
ئەپۇ قىل، ئېيتماسقا بېرىمەن ۋەدە.
تەگلىمە قەلبىڭنى ھېسداشلىق بىلەن،
سەدىقە ئالغۇدەك ماغدۇر يوق مەندە.

سۆزلىمەكتە يۈرىكىم،
بىر تامچە ياش ئاستىدا بەلكىم
كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندۇ ئەتەم.

1989 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# يېنىمدىكى ئادەمگە

سەن،
بۇ يەردە ئىدىڭ، قاچاندىن بېرى،
كۆردۈڭمۇ يا كۆرمىدىڭ مېنى؟
داترەڭ كىيىم، مۇزدەك كۆز نۇرى
لەيلەپ يۈرەر بوشلۇقتا،
كۆرەلمىدىم پەقەتلا سېنى.

مەن بۇ يەردە يېنىڭدىلا، ئىھ،
تىنىقلىرىڭ تېگەر يۈزۈمگە.
ئۈچۈپ كىرەر شەكلىڭ كۆزۈمگە
چاچلىرىڭنىڭ قارىسى، ھەتتا
يۈزۈڭدىكى بىر تال چېكىتمۇ.
ئىشتەلمەيسەن ئۈنۈمنى،
كۆرەلمەيسەن ھەقىقىي مېنى.

كۆرەلمەيسەن مېنىڭ جىسمىمنى،
پۈت قولۇمنى، بويۇم قەددىمنى.
كۆرەلمەيسەن،
يۈرىكىمنىڭ شەكلى قانداقراق،
ياپىلاقمۇ ياكى تومۇلاق.
كۆرەلمەيسەن كۆزۈمنى
قىش سەھىرى قارىغاي شېخىدا
چاقناپ تۇرغان مۇز پارچىسىدەك.

ماڭسا كېيىپ خەسە دوپپىنى،
خەسە تامبال، خەسە كۆڭلەكنى،
دادام شۇئان
قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ،
چاقىرامدۇ مېنى، بولۇتنى؟

قايتىپ كەلدى كۆك پاختەك
چىشلەپ خامان قوشاقلىرىنى،
يىگىرمە تال مۆز پارچىسىنى،
يىگىرمە تال سۈترەڭ چېچەكنى،
يىگىرمە تال پىشقان ئۆرۈكنى،
يىگىرمە تال شەبنەمنى، ياشنى.

ئاي دالىدا پەقەتلا،
قاپتۇ بىر تال باشاقتەك،
يۈرىكىمدە دان تۇتقان شېئىر.

1990 - يىل 1 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# سەھرادىكى غېرىب كۆلبەمدە

كىم ناتونۇش، كىم تونۇش ماڭا،
كىم ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ياتقان؟
يىغلامسىراپ تىكىلسە جاھان،
كىمگە بېرىپ قويدۇم كۆلكەمنى؟
يوقلاپ بېرىپ قارلىق ئەتىگەن
سەھرادىكى غېرىب كۆلبەمنى،
ئۇن - تىنۋىشسىز ھەسرەتتىن باشقا،
ئۇنتۇپ كەتتىم ھەممە - ھەممىنى.

دالا،
پۇرۇشتۇرۇپ ئاغزىنى ئۇماق،
ئۇخلاپ قاپتۇ لېۋىنى تامشىپ.
ئاق گۈلدەستە كۆتۈرگەن باھار،
چۈشلىرىگە قالغاندۇ كىرىپ.
مەن يەنىلا
چۈشىمىدىم ھېچكىمنى پەقەت؛
بەلكىم مېنىمۇ
چۈشىمىدى بىر كىممۇ ھەتتا.
قار تۆكۈلگەن كۈمۈش جىگدىگە،
بەخت تىلەر ئىزغىرىن شامال.
پاختەك كونا خاماندا،
كىچىككىنە پۇتلىرى بىلەن
قار ئۈستىگە چېكەر ئاۋايلاپ

كۆرەلمەيسەن كۆزۈم تېگىدە،
يىغلامسىراپ تۇرغان دۇنيانى،
قىپپىيالىڭاچ، يالىڭاچ روھنى.

مەن بۇ يەردە، مەن بۇ يەردە، مەن ...
مەن بۇ يەردە، سېنىڭ قېشىڭدا ...

1990 ـ يىل 1 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



# يولۇچى

ئۆز - ئۆزۈمنى ئىزدەپ يۈرىمەن
كۆز يېشىمدەك مۇزلۇق دالىدىن.
مۇزلاپ كەتتى جىمغۇر يۈرىكىم،
مۇزلاپ كەتتىڭ قەلبىمدە سەن ھەم.

يىراق - يىراقتا
يالتىرايدۇ تىنىق مۇزلارنىڭ
مۇساپىردەك سۇنغان كۆلكىسى.
ياز ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇپ
يىغلىشىدۇ قاغىلار توپ - توپ.
يېپىنچاقلاپ ئىللىق چۈشلەرنى،
قار گۈلىنىڭ يوغان بەرگىنى،
يېپىنچاقلاپ
ئويچان بۇلاق چانقىدىكى
تىنچ ئاسماننى،
يېپىنچاقلاپ،
كۆك قالپاقلىق مورىلار بەرگەن
گۈگۈمدىكى رەڭدار چاپاننى،
ئاق توشقاندەك ئۇخلايدۇ دالا ...
كۈمۈش گۈللۈك جىگدىزارلىقتا،
ئىقىپ چۈشۈپ شاخلاردىن ئاستا
قار ئۈستىدە نەپىس ئاي نۇرى،
توقۇماقتا گۈللۈك كەشتىلەر.

قەلبىدىكى تۇنجى شېئىرنى.
مەرۋايىتتىن كۆڭلەك كىيگەن قىش،
قاخشال شاخقا تۇرىدۇ قونۇپ
پەرىلەردەك سىلكىپ پېيىنى.
كىملىكىڭنى بىلمەيمەن، ئەمما
سېغىنىمەن سېنى، ئاھ، سېنى.
كېچە سۇنغان ئاي نۇرى ئوخشاش،
ئەسكى تاملىق غۇربەت خانەمگە
كېلەلەمسەن يوقلاپ بىر مېنى؟

سەھرادىكى غېرىب كۇلبەمدە،
مۇزدەك يىغا سىڭگەن كۇلكەمگە،
ئولتۇرىمەن كۇتۇپ ئەتەمنى.
كىم ناتونۇش، كىم تونۇش ماڭا؟
كىملەر كېلىپ ياتار قەلبىمدە؟

1990 ـ يىل 2 ـ ئاي، قاغىلىق.



# چۈشكە قايتىش

تاڭ يىپلىرىدا،
رۈجىكىڭنى
ئۆلاپ قويۇپ رۈجەكلىرىمگە،
پىچىرلىشايلى تاتلىق چۈشلەرنى.
سەن ئېيتىپ بەر چۈشۈڭنى ماڭا،
مەن ئېيتىپ بېرەي چۈشۈمنى ساڭا.
كىم بىلىدۇ ھەر ئىككىمىزنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى ئوخشاش بىر چۈشى،
مەڭگۈلۈك بەختىنىڭ
باشلىنىشى بولامدۇ تېخى؟
يا ئازابلىق رېئاللىقنىڭ
مۇقەددىمىسى؟
كېلىپ قالساڭ ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا،
كىرپىكىمگە ئىلىندۇرۇپ قوي،
چوكىلدىتىپ سۆيۈشلىرىمنى!
قالدۇرۇپ كەت،
تامچە يېشىم ئۈستىدە،
قەيسەرانە كۈتۈشلەرنى.
سەن چۈشىگەن چىناردا
ئۆۋلىسا مېنىڭ قۇشلىرىم،
مەن چۈشىگەن گۈلزاردا
پورەكلىسە سېنىڭ گۈللىرىڭ،
بېغىڭدىكى سۆيۈملۈك ئالما

پەرىشتىلەر
ئەللەي ئېتىپ قوي ـ كالىلارنى،
زەر قاناتلىق شوخ بالىلارنى،
پىچان باسقان ئۆگزىلەرنى ھەم
تىمتاس كەنتكە،
ئۇلەشتۇرەر تاتلىق ئۇيقۇنى.
جىن چىراغنىڭ سۇس شولىسىدا
كۆرۈنىدۇ نۇرلۇق تىلەكلەر.
كۆتۈرگەنچە سەن ئۇندا
دەستە ـ دەستە ئۇمىدنى،
شولىلاردىن پىلدىرلاپ چىقىپ
خىيالىمغا ئويىسەن نەقىش.

يىراق سەھرا ئويۇقلىرىدا،
كېتىۋاتقان يات يولۇچىنىڭ
كۆلەڭگىسى كۆرۈندى غۇۋا.
ئوخشىشاتتى ئۇ بەكمۇ ساڭا،
ئوخشىشاتتى ئۇ بەكمۇ ماڭا،
ھەر ئىككىمىز ئەمەس ئۇ ئەمما.

1990 ـ يىل 2 ـ ئاي، قاغىلىق.



# كىچىككىنە يېزا بازىرى

بۈگۈن سەھەردە،
قۇياش سۇنغان ئاق گۈلچەمبىرەك
ياراشقاندا مۇز دېرىزەمگە؛
تىرىلگەندەك قارلىق دالىغا
دەپىن قىلغان كېپەنلىك باھار،
ئەسلىمەمنىڭ تاش ئەينىكىگە
ئېقىپ چۈشتى ئۇزۇن بىر سايە.
قەلبىم شۇئان يىرتىپ تۇماننى
ئەرۋاھ كەبى چىقتى ئايلىنىپ،
كىچىككىنە يېزا بازىرىنى.

كىچىككىنە يېزا بازىرى،
سالام سېنىڭ چوغدەك تېڭىڭغا.
كۆڭلەك كىيىپ شايى تۇتۇندىن،
سەھرادىكى قىزغۇچ تۇماندا،
ئۇخلاۋاتقان كۆپكۆك ھاۋاغا.
سالام ئېگىز تېرەكلىرىڭگە —
زەر قاناتلىق يىڭناغۇچلاردەك،
قونۇۋالغان كۈن نۇرلىرىغا.
سالام كېچىدە قۇياشنى چۈشەپ
تام تۈۋىدە سوزۇپ چىللىغان
شاھزادىدەك خورازلىرىڭغا.

بېرەلەرمۇ كەچكۈزدە ماڭا
شاخ - شېخىدا ساڭگىلاپ تۇرغان
ئالما كەبى ئوتلۇق يۈرەكنى.

ئانام تىكىپ بەرگەن شاپاق دوپپامنى،
كالا باققان يەرلەردە
يۈتتۈرۈۋەتكەندەك؛
ئاناڭ چىگىپ قويغان گۈل ياغلىقىڭنى،
ئوت ئالغان ئېتىزدا ئۇنتۇپ كەتكەندەك؛
ئۇنتالىشىمىز مۇمكىن قانچە رەت،
بىرلا قېتىم كۆرگەن شۇ چۈشنى؟!

بۇزۇلسىمۇ چۈشىمىز بىزنىڭ،
دۇنيا يەنە قالار قىز پېتى.

سىغدۇرمىغاندەك
بىر ۋاقىتتا ئاي بىلەن كۈننى،
سىغدۇرمىسا بىزنى رېئاللىق،
يۈر! قولۇڭنى بەر!
قايتىپ كېتەيلى گۈزەل چۈشلەرگە.

1990 - يىل 2 - ئاي، قاغىلىق.



مەڭزى چوغدەك قىزارغىنىچە
سىپۈەتلەردىن باقار ئۆياتچان.

تۇرىدۇ بىر قىز،
ساتىماق بولۇپ دوقمۇشتا،
سۈبھى پەيتى قوناقلىقىدىن
ئېلىپ كەلگەن بىر تاغار ئوتنى.
قىزىل گۈلدەك خۇشبۇي ھاۋا ھەم
كەڭ دالىنىڭ مەيىن شامىلى
چەمبىرەكتەك ئايلىنار ئۇنى.
سالۋا تەلپەكلىك دېھقان،
بىدە باسقان كالا ھارۋىغا،
ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن تاڭدىكى
جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ئىللىق پۇرىقى
كوچىلارغا چاچار خۇش پۇراق.
يېقىن يېزىنىڭ باغۋىنى ئەنە
شاپتۇل ساتقىلى كىردى سەھەردە،
شاپتۇل چېچىكىدەك ھالرەڭ سۈبھىنى
سىپتىۋەتتى غۇۋا شەھەرگە.
سىپتىۋەتتى ئالمىچى يىگىت،
ئۇسما قويغان قاشلىق جۇۋانغا،
سىپۈەتتىكى ئالمىلا ئەمەس،
كۆڭلىدىكى ئالمىلارنىمۇ.

سالام، ئاشۇ يېزا بازىرىدىكى
كۆكتاتچى مومايلار، گۈل ساتقۇچىلار،
كۆكسى لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرغان

سالام ئىشكنى غىچىرلاپ ئېچىپ
ئىبادەتكە ماڭغان بوۋايغا.

ئەنە،
تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى
چاڭ كەتكەن تام تۈۋىدە،
ياغلىق سېلىپ رەڭدار بولۇتتەك،
چىنىلەرنى تىزىپ ئۈستىگە،
ئولتۇرىدۇ قېتىقچى قىزلار.
تورغاي ئويغانماستا يول ئالغان تۇزچى،
تاش تۇز باسقان ئېشەك هارۋىنى،
بازار چېتىگە كېلىدۇ هەيدەپ.
كىيىملىرى جۇلجۇل قەلەندەر
چاپاق باسقان كۆزىنى ئېچىپ،
تام تۈۋىدە كۆردى بۈگۈنمۇ،
تۈنۈگۈنكى سېخى قۇياشنى.

ئەنە،
تورۇسى ئىسلاشقان خۇشخۇي چايخانا،
سالام بېرەر خېرىدار تاڭغا.
تەمبۇرچىدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا
ساماۋەردە ناخشا ئېيتار چاي.
كالا سۇغارغىلى بېرىپ گۈگۈمدا،
كۆل بويىدا يىگىتنى بىلەن
ئۇچرىشىپ قالغان سەهرا قىزىدەك —
تونۇردىن چىققان پا - پا گىردىلەر

سىلىنغان قەۋەتسىز ئاددىي ئۆيلەرگە.
سالام شۇ ئۆيلەرنىڭ تەكچىلىرىگە
باھاردەك ـ باھاردەك تىزىپ قويۇلغان
سۆگەتگۈل، ئەتىرگۈل، قوناقگۈللەرگە.
سالام سۆيۈملۈك يېزا بازىرىدىكى
پەردازسىز، گىرىمسىز بوۋاقتەك دۇنيا،
سالام، ئۇندىكى ھەممە ـ ھەممىگە.

كىچىككىنە يېزا بازىرى.

1990 ـ يىل 3 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



ھېسىپچى ئاياللار، لەڭپۇڭچى قىزلار.
سالام، شاۋقۇنلۇق ئاشپۇزۇلدىكى
ئۇسسۇلچى چۆمۈچلەر، ناخشىچى سەيلەر.
سالام، كاۋاپدانىدا پىچىرلاۋاتقان
ئىخلاسمەن كاۋاپلار، ئەۋلىيا چوغلار.
سالام، بەك يىراق جاڭگالدىن كەلگەن
ساقىلى بېدىدەك بورا ساتقۇچى.
سالام، زوڭزىيىپ كۆپ تاللاۋاتقان
قېشى ئاق، كۆڭلى ئاق، ئۇستىبېشى ئاق
ئاق ئۇنغا مىلەنگەن نۇرلۇق تۈگمەنچى.
سالام، تام تۈۋىدە ئولتۇرغان چوكان،
سالام ساتالماي قالغان تۇخۇملىرىڭغا.
سالام ماي چاپانلىق جۇۋازچى بوۋاي،
سالام، ماي قاپىقىڭغا، جۇۋاز كالاڭغا.
ئۆمۈچۈك تورلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان
سالام قاراڭغۇ جۇۋازخاناڭغا.
سالام، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن
ئاققوناق ساتقۇچى، بۇغداي ساتقۇچى.
خالتا كۆڭلىكىڭگە ياماقلار چۈشكەن،
مال بازىرىدا تۆگە يېتىلەپ
كېتىۋاتقان تۆگە باققۇچى.
سالام، يالاڭئاياغ سەھرا قىزىنىڭ
ئالدىغا تىزىقلىق باغلام ۋە باغلام
قۇرۇتۇپ ئېپكەلگەن ياۋا سۇپۇرگە.
سالام شۇ سۇپۇرگە چېچەكلەپ ئۆسكەن
شاماللىق دالىغا، ئاقكۆڭۈل كۈنگە.
سالام شۇ يەردىكى قەدىم پوسۇندا

تۆگمەستە چۆچىكىم، ئانام
چاقىراتتى دائىما مېنى.

دالىدىكى چۆمۈلىلىرىم
چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنلا دەيتتى.
بىر توپ قوينى باقاتتىم ئۇندا،
بىرەرسىمۇ چۆچەك بىلمەيتتى.

پېشايۋاندا بىر قېتىم
چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىم ئۈچۈن،
ئۆگىتىپ قويغان ئاققۇشقاچ ماڭا
شاخقا قونۇپ ئۇژمە يېيىشنى.
قاپاق يۇدۇپ سۇغا ماڭغانلار
چىت كۆڭلەكلىك ئاياللار ئىدى.
كۆل بويىغا بېرىپ قالسامۇ
چۆچەكچى بالا شۇمۇ - ئەمەسمۇ،
بىلىشمەيتتى زادىلا مېنى.

مېڭىپ - مېڭىپ چۆچىكىم بىلەن
بېرىپ قالسام ناۋادا،
كەنتتىكى مەسچىت ئالدىغا،
جۈمە نامىزىغا كەلگەن بوۋايلار،
يۈرىكىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ،
نۇر چېچىپ تۇرغان جەننەتتى بىلەن
دۇئاسىنى بېرەتتى ماڭا.
بېرىپ قالسام جاڭگالغا
شاپاق دوپپا كىيگەن پادىچى،

# چۆچەكلىرىم

بۇرۇن بۇرۇندا،
نۇرغۇن - نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان.
چۆچەكلەردە،
توخۇ، توشقان، ئۆردىكىم بولغان.
چۆچىكىم ئىچىدىكى چىرايلىق چۆچەك
باش - ئاخىرى يوق بالىلىق ئىدى.
ئانا،
ئۇنتۇپ قاپتىمەن بېشى نېمىدى؟
دادا،
چۆچىكىمنىڭ ئاخىرى قېنى؟

يوغانغىنا هويلا بار ئىدى،
ئارقىسى بېدىلىك، ئىچى شاپتۇللۇق.
باهار دائىم باغ شورىسىدىن
ئوغرىلىقچە كىرىۋالاتتى
ئويىنىغىلى چېچەكلەر بىلەن،
(تىنىمىغانتىم هېچكىمگە ئەمما.)

قونۇۋېلىپ بېدە گۈلىگە،
ئاڭلايمىز دېگەن كېپىنەكلەرگە،
ئېيتىپ بېرەتتىم چۆچەكلىرىمنى.
ئوماچ ئېشىك سوۋۇپ كەتتى دەپ

باش ـ ئاخىرى يوق
بالىلىق ئىدى.
ئانا،
ئۆتتۈپ قاپتىمەن بېشى نېمىدى،
دادا،
چۈچىكىمنىڭ ئاخىرى قېنى؟

1990 ـ يىل 3 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



بولغىنىم ئۈچۈنلا چۆچەكچى بالا
قوقاستا پىشۇرۇلغان كۆمەچ نان بىلەن
قوماچلىرىنى تۇتاتتى ماڭا.

ئۈچرىتىپ قالسام قومۇلۇق تەرەپتىن
كېلىۋاتقان ئۈۋۈچىنى بىردىن،
چىرايىمغا زەن سېلىپ قاراپ
دەيتتى: «بۇگۇن چۆچەكچى ئوغلۇم،
ئۈۋ قىلىپ كەلدىم ساڭىلا ئاتاپ.»

بولمىسىمۇ ئالتۇن كەشى ئانامنىڭ،
«ئالتۇن كەش» دەپ چۆچىكى بارتى.
دادام ھەر كەچ خىزىر ھەققىدە
چۆچەك ئېيتىپ ئۇخلاپ قالاتتى.
شۇ ئاخشىمى خىزىر بولۇپ مەن،
بۆلۈپ بېرەتتىم خاسىيەتلىك چۈش.
پەرىزاتتەك كىيەتتى ئانام
دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن كەشلەرنى.
تېپىۋالاتتى ئېتىزدىن دادام
نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن كەتمەننى.

بۇرۇن - بۇرۇندا،
نۇرغۇن نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان.
چۆچەكلەردە،
توخۇ، توشقان، ئۆردىكىم بولغان.
ساقاللىق قۇياشقا ئېيتىپ بەرگۇدەك،
چۆچىكىم ئىچىدىكى چىرايلىق چۆچەك

ئالتۇن قونچاقلىق مەلىكە
قايتىپ كېتەر ئوردىسىغا.
قونچىقىغا شۇنداق دەپ بېرەر
لاتا قونچاق كۆتۈرگەن بالا.

بار ئىكەن بىر مەلىكە،
بار ئىكەنمىش ئالتۇن قونچىقى ...
كىچىككىنە بىر قىزچاق
چىڭ قۇچاقلاپ لاتا قونچاقنى،
بوسۇغىدا كەتتى ئۇيقۇغا.

— ئۇ نېمىنى چۈشەيدۇ؟
— ھېچكىم بىلمەيدۇ.

1990 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# ئالتۇن قونچاقلىق مەلىكە

بار ئىكەن بىر مەلىكە،
بار ئىكەنمىش ئالتۇن قونچىقى ...
كىچىككىنە بىر قىزچاق
ئولتۇرىدۇ ئىشىك ئالدىدا،
لاتا قونچاق كۆتۈرگەن پېتى.

ئورغاق ئېلىپ ئاتا ـ ئانىسى
ئەتىگەندە كەتكەن ئېتىزغا.
چۆچەك ئېيتقان چاغدا مومىسى
ئالتۇن قونچاق نەدىلىكىنى
دەپ بەرمىگەن تېخى بۇ قىزغا.

— كېپىنەكلەر نەگە بارىدۇ؟
— مەلىكىنىڭ قېشىغا.
— ئاق قۇشقاچلار نەگە بارىدۇ؟
— مەلىكىنىڭ قېشىغا.
— ئېرىق سۈيى نەگە بارىدۇ؟
— مەلىكىنىڭ بېغىغا.
قونچىقىغا شۇنداق دەپ بېرەر،
لاتا قونچاق كۆتۈرگەن بالا.

كۈن تىكلەندى ئاسمانغا،
دەلمۇدەل شۇ پەيتتە

گۈگۈم چۈشسە يۇلتۇزلار چىقار.
ئاياللارغا ئوخشايدۇ باھار.

تىترىمەستىن بىخىل مەيپۇرۇش،
قۇيۇۋەتكىن يوغان بىر چىنە،
تېتىمايدۇ رومكىدىكى مەي!

قۇياشسەن، ئەي سېخى مەيپۇرۇش،
ئەپكىلىۋەر كوزىدا، ئەي ـ ھەي،
ئۆز قەلبىنى ئىنكار قىلغانلار،
پەرىشتىدەك ئىچەلمەيدۇ مەي.

ئاسماندىكى ئەيسا پەيغەمبەر
قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن،
قالغاندۇرمىز تونۇماي بەلكىم.

1990 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



# كەيپلىك

ئۈچۈپ كەتكەن ئەيسا پەيغەمبەر
قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن،
قالغاندۇرمىز تونۇماي بەلكىم.

كۆزلىرى قىزارغان هاراقكەش بوۋاي
كوتۇلدايتتى ئاغزى بېسىلماي،
بولۇپ كەتكەن ئۇ بەك خۇشچىراي.

بۇ شۇمۇ ئەمەسمۇ تونۇگۇنكى كۇن؟
قاچاندىن باشلاپ ئۇ چىقتى شەرقتىن؟

بېرى كەلگىن، ئەي ئوماق بالا،
مەنمۇ هازىر ئوپمۇئوخشاش ساڭا،
مەن ئۆزۈمگە مەنسۇپ مەس چاغدا؛
يېشىلگەندە ئەگەشمە ماڭا.

قەلەندەرنىڭ ئۆيىدە قۇياش،
ياندۇرۇلار چىراغقا ئوخشاش.

دېرىزىسى قىڭغىر ئۆيلەرگە،
ئاي شولىسى چۈشىدۇ قىيپاش.

# رەسسام

سىزالارمۇ ھەۋەسكار رەسسام
بىرەر پارچە رەڭسىز رەسىمنى؟

پاخال ئۆگزە سىزغاندىن كېيىن،
بۇرجىكىگە قوندۇرۇپ كۈننى؟

رەسىمدىكى راستتەك سىزىلغان —
سامان سۇۋاق غېرىب تاملاردىن
ئۆي تىلىسە قاشاڭ قارلىغاچ،
نېمە دەيدۇ رەسسام ئۇنىڭغا؟

پاناھ تىلەپ كەپقالسا ئەگەر،
چۈشەندۈرەر قانداق گەپ بىلەن،
يامغۇردىكى يېتىم بالىغا؟

قانداق قىلار ئاقكۆڭۈل رەسسام
بىر ئۆي سىزىپ بەرسە بالىغا،
دۈۋىلىنىپ بارچە يوقسۇللار —
كېلىۋالسا ئۇنىڭ ئالدىغا؟

رەسىمنىڭ كەينىنى قاچان
سىزالاركىن ئاتاقلىق رەسسام؟

1990 ـ يىل 5 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

# بىر چىغىر يول

چىغىر يوللارمۇ
تۇتىشىدۇ چوقۇم بىر يەرگە.

كەنت ئىچىدىن چىققان يولۇچى
بارالىشى مۇمكىن چوڭ يولغا،
كەلمىسىلا قايتىپ كەينىگە.

كىم بىلىدۇ دەرەخلەر،
ھاسىسىنى قۇچاقلىغانچە
ئۇخلاپ قالغان يولۇچىلارمۇ؟

كىم بىلىدۇ تاڭ سەھەر،
لىپىلدىتىپ ئاپئاق پېيىنى،
ئورماندىكى سۇزۇك بىر قۇشنىڭ
تۇخۇمىدىن چىققان چۇجىمۇ؟

جىلتىسىنى كۆتۈرگەن بالا
چىغىر يولدىن ماڭدى يىراققا
ۋە ئايلىنىپ كەتتى قۇياشقا.

1990 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئەڭ ئىشەنچلىك ئۆلۈكلەرگىلا،
دىلدىكىنى قىلايلى ئايان.

ۋىجدان،
بوۋاي كەبى سوكۇلداپ يۈرۈپ
كۆڭۈللەرگە قىلار ۋەسىيەت.
گۈزەللىكنىڭ بۆشۈكىگە
چاپلاقلىقتۇر ئۆچمەس قارا خەت.

تېخىچىلا بىلمىگەندىمىز —
ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئېھتىمال،
ئادەملىكتىن كېچىش كېرەكتۇر.
بىر قېتىملىق موللاق ئېتىشقا،
بىر قېتىم تىك تۇرۇش سەۋەبتۇر.

تېخىچىلا بىلمىگەندىمىز،
تۇغۇلساقمۇ كۈندە مىڭ قېتىم —
ۋە ئۆلسەكمۇ كۈندە مىڭ قېتىم؛
بارلا بولسا قەدەھلەر پۈتۈن،
ياشاش لازىم رەسمىيەت ئۈچۈن.

ئاشۇ يەردىن باشلانغان
ھاياتىمىز، ئۆلۈمىمىز ھەم ...

1990 - يىل 7 - ئاي، ئۈرۈمچى.

# پەردە كەينىدە

ئاشۇ پەردىن باشلانغان
ھاياتىمىز - ئۆلۈمىمىز ھەم.

پېچەتلەيلى قۇلاقنى،
ئاغزىمىزنى، كۆزلىرىمىزنى.
بەلكىم ئەمدى بۇلارنىڭ
قالمىغاندۇر ھاجىتى بىزگە.
بەلكىم،
قۇلاقلارنىڭ كاساپىتىدىن
پاك دەپ ئاتالغان.
تاقىماستىن كۆزەينەك، بەلكىم —
كۆرگىنىمىزدە يۈزدە يۈز يالغان.

ئادەم بىز، ئادەم،
تالانتىمىز، بارلىقىمىز ھەم
تەبىئەتكە گىرىم قىلىنىشتۇر.
پەلكۈشلەرنى كۆتۈرۈپ
يىرگىنچلىك بوياقلار بىلەن
بىگىسىمىزنى قىلايلى ئايان.
ھەقىقەتنىڭ سوغ ھەيكىلىگە
ساختىپەزلىك بوياقلىرىدا
كىرگۈزەيلى ھارارەت ۋە جان.
شۇندىمۇ پەقەت

تۇغۇلغان كۈن قايتىپ كەلمىسە.
ئىشەنمەيمەن پەقەتلا
بەخت نېمە دېگەن سوئالغا،
ئىنكار قىلىپ سوغۇق ياشلارنى،
يالغان كۈلكە كەتسە ئەزۋەيلەپ.
ئىشەنمەيمەن پەقەتلا
ھەقىقەت شامىنى يالغۇز كۆتۈرگەن —
غېرىب ئەزرائىل،
ئەيىبلەنسە يالغانچى ئۇ دەپ.

4

قەلبىڭدە بوش تۇرسا ئۇن سەككىز ئالەم،
نېمىشقا سىغمىدى تېخى بىر ئادەم؟
ھەيرانمەن،
كۆزلىرىڭگە چۆكۈپ كەتكەن ئادەملەر
تەسلىم بولۇپ مەغرۇرلىقىڭغا،
چېكىشىدۇ نېچۈن گۈزەل غەم؟
نېچۈن مەنلا گۈزەل بەختتىن،
بولالمىدىم ئەزىز، مۆھتەرەم؟

1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

# تۇغۇلغان كۈنۈك

1

تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئوقۇيمەن لەنەت،
بولسىمۇ تۇغۇلغان كۈنۈك شۇ سەۋەب
چېكىمەن دېرىزەڭنى سۆبھىدەك، ئەمما —
قەلبىڭگە سۆبھىدەك يازالمايمەن خەت.

2

قۇياشلىق دۇنياغا كۆز ئېچىش بىلەن،
بىلەمسەن ئېرىشىپ قالدىڭ نېمىگە؟
بىلەمسەن نېمەڭنى يوقاتتىڭ يەنە؟
تەقدىر بىلەن تىزغان شاھماتتا
مات بولسىمۇ بارچە ئادەملەر،
ئىشىنىمەن ئاخىرقى ساڭا،
ئىشىنىمەن ئەتىگە يەنە.

3

گۇمانلانمايمەن،
بۆشۈك بەختىنىڭ قەبرىسى دېسە.
گۇمانلانمايمەن،

سالام دېرىزە،
سۈنۈپ بەردىڭ ئىللىق باھارنى،
قىش گۈلدەستە تىزغان ئاق قارنى،
مەستخۇش كۆزنىڭ پىچىرلىشىنى،
ئەركىلىگەن شوخ غازاڭلارنى.
قاراڭغۇلۇق باسسا ھۇجرامنى،
سۈنۈپ بەردىڭ،
تاتىراڭغۇ سەت دېرىزەمگە،
كىم بىرسىنىڭ نەپىس خىيالى
چاپلاپ كەتكەن گۈزەل سەھەرنى.

سالام دېرىزە،
سالام يورۇق قەلبىنى ئېلىپ
دېرىزەمدىن چۈشكەن پەرىشتە!

1990 ـ يىل 11 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



# سالام دېرىزە

ئىشىكلىرىمىز
تامام ئېتىك بولسىمۇ ئەگەر،
يېپىلمايدۇ گۈزەل سىرداشلىق،
يېپىلمايدۇ قوش دېرىزىلەر.

ئۆزۈپ يۈرەر كۆز ئالدىمىزدا
شېئىر بىلەن بېزەلگەن دۇنيا.
ناتونۇش بىز قەلبىمىزدىكى
ئېسەدىگەن شائىرغا ئەمما.

مەن،
كەچكۈم كەلمەس مەغرۇرلۇقۇمدىن،
سەن،
كېچەلمەيسەن مەغرۇرلۇقۇڭدىن.
تەن بەرگۈمىز كەلمەس ھاياتقا،
تەن بەرگۈمىز كەلمەس ئۆزئارا.
ئۇچقۇنلايدۇ سوغۇق ياتسىراش،
ئۇچراشسىمۇ كۆزلەر ناۋادا.
لېكىن،
نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن،
قەدىردان بىز خىيالىمىزدا،
قەدىرداندۇر چۈشلەر ئۆزئارا.

قىشنىڭ ئاپئاق سوغۇق قوللىرى
ئۇزاققىچە سىقتى قولۇمنى،
ئېھ، نامەلۇم ئىسسىقلا بىر قول
سىيلاپ قويدى گويا روھىمنى.

1990 - يىل 11 - ئاي، ئۈرۈمچى.



## قىش

توپا باسقان خىياللىرىمدا،
قانچە پەسىل كۆتتۈمكىن كىمنى؟
قايتىپ كەلسەم رىئاللىققا مەن،
قار قاپلاپتۇ روجەكلىرىمنى.

قىشنىڭ ئاپئاق سوغۇق قوللىرى
قوللىرىمنى سىقتى مۇلايىم.

بىر تۇپ دەرەخ تۇرىدۇ پارلاپ،
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا قاراپ،
كىرگۈزسەڭچۇ ئۆيگە دېگەندەك
يولۇقچىمەن كەتتىم بەك مۇزلاپ.
قىش پەسلىدۇر ئۆيۈممۇ مېنىڭ،
تەقدىرداشىمىز دەيمەن پىچىرلاپ.

تەبىئەتنى كۆمگەندە ئاق قار،
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرغا سېنى،
كۆمۈپ قويدۇم كۆلكىلىرىمنى.
بىلمەيمەن ئەمما،
كىم شېئىردەك ۋاپادار ماڭا،
كىم شېئىردەك سۆيەركىن مېنى؟

قۇش يۈرىكى يوپۇرماق،
بىلەلمەستىن سايراشنى قانداق،
تۈرۈپ قالدىم ھاڭۋېقىپ ئۇزاق.

مەن بولىمەن خىلۋەت بىر يېزا،
سەن شۇ يەرلىك سۆيۈملۈك قىزچاق.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



# قۇش يۈرىكى يوپۇرماق

مەن ئۆزۈمنى ئويلايمەن شۇنداق —
كىچىكلا بىر خىلۋەت يېزا دەپ.
شۇ يېزىنىڭ جىمجىت ئادىمى
پەقەت سەنلا سۆيۈملۈك قىزچاق.

ئۇ يەردە بار ئوماق جىگدىلىك،
قۇش يۈرىكى يوپۇرماق.
مۈكۈپ ياتار شاخلار ئاستىدا
بىر قەدىردان ئۆياتچان بۇلاق.
ئاقار ئاستا ... ئاستا بۇلدۇقلاپ
تىنىق مەڭزىدە،
يوپيۇملاق زىناقلار ياساپ.

ئېھ قورقىمەن ئوت - چۆپ ئاستىدا
خىيال سۈرۈپ ياتقان بۇلاقنىڭ —
كۆزلىرىگە قاراپ سېلىشتىن.
ئېھ قورقىمەن يۇلتۇزلۇق كۆكتە،
سېنىڭ كۆزۈڭنى كۆرۈپ قېلىشتىن.
سەن بۇلاردىن پەقەتلا
خەۋەرسىز، ئەي شىتىلە قىزچاق.

ئۇتلاۋاتقان خۇشخۇي كالىلار
سالامىمنى ئىلىك ئالارمۇ؟

بىز ئۆلتۈرغان قاتتىق ئورۇندۇق
بارا - بارا كەتتىغۇ يۇمشاپ.
نېمە بولدى پۇتلار گۈلگۈنچەك،
تۇرالمايدۇ شىرە ئويناقلاپ؟
تاملار بىزگە قاراۋاتىدۇ،
(كۆزى بىلەن قىزلارنىڭكىدەك).

بۈگۈن مېنىڭ قوش بولغان كۈنۈم،
قويۇڭلارچۇ ئۇچقىلى مېنى،
ئۇچۇپ كېتەي، كېتەي يىراقلاپ.
بۈگۈن پېقىر قاغان بولغان كۈن،
قۇتلۇقلاڭلار ئازادلىقىمنى!!

بۇرادەرلەر، يۈلىۋېلىڭلار،
ئاي ماڭالماي قاپتۇ دەلدەڭلەپ.
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا يول بار،
ماڭالمىغان ئىدىم مەن ئەپلەپ،
ئېپ مېڭىڭلار ئۇنى يېتەكلەپ.

مەست بولغۇم يوق مېنىڭ ئەسلىدە،
مەست قىلماقچى ئىدىم ھاياتنى.
قۇرۇقدىلىپ بوپتۇ بوتۇلكام،
ئۆلتۈرىدۇ ھايات سايمۇساق،
مەن ئىكەنمەن مەست بوپ قالغىنى...

# كۈن شەرقتىن پاتار غەربكە

ئۇخلاپ قالدى پەسىللەر نەدە؟

قاپتۇ ئارچا ئاپئاق چېچەكلەپ.

باھار پەسلى قاۋاقخانىدا.

شاراب بىزگە كۈلۈمسىرىسە،
كۈلۈمسىرەپ قارايلى بىز ھەم.
بەخت ساقى بولۇپ بەرمىسە،
ساقى بولغىن ئۆزەڭگە ئۆزەڭ.

دەل ـ دەرەخلەر قالسا مەست بولۇپ،
قىن ـ قىنىغا سىغمىغان قۇشلار
سوۋغا قىلار قانداق قوشاقنى؟
كۆرگۈم كېلەر — كېلەر شۇ تاپتا
قىيپاش ئېقىپ چۈشكەن نۇر بولۇپ
چالا كەيىپ بولغان بۇلاقنى.

گۈللەر نەدە ياشايدىغاندۇ؟

تىنچ سۇدا چۈش كۆرسە بېلىق،
شېغىل تاشلار كۆرۈپ قالارمۇ؟
مەن سەھراغا بارسام شۇ تاپتا،

## تاغلىق شەھەر

سېغىنغىنى سەنمۇ ياكى مەن؟
كۆلۈپ - كۆلۈپ كىرىپ كېلىسەن
يالغۇز ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشۈمگە.

تاغلىق شەھەر تارتىنچاق قىزدەك
قاچمىساڭچۇ خىياللىرىمدىن،
كۆرۈۋالاي سېنى ئۇزاقراق.

رەستىدىكى غەمكىن بىر ئۆينىڭ
دېرىزىسى ئېچىپ قويۇلغان.

سېپىلگەندەك يوللارغا سەھەر،
ماي ياتقۇزغان يوللار بار يېڭى.
ئېشەك بولۇپ مېڭىپ كېلىمەن،
سۆيۈپ قويار تۇمانلار مېنى.

چايخانىنىڭ پېشايۋىنىدا
كۆلۈمسىرەر ئۆمۈچۈك تورى.
ئاي شەكىللىك مەسچىت ئۈستىدە،
كېچىلەردە قالدىڭمۇ مۇزلاپ
ئېھ، ئاق كۆڭۈل ساددا ئاي نۇرى!

سۆيۈپ قويغىن قەدىردان رومكام،
مەن ئىكەنمەن مەست بوپ قالغىنى ...

مەن «مەن» ئەمەس بولغۇم بار ئىدى،
مەن «مەن» قىلىپ قويدى كىم مېنى؟
بارمۇ يەنە مۇناپىق ۋاقىت،
ئۇنتۇپ كېتەي دېسەم ھەممىنى.

مۇز ئاستىغا پاتقاندەك قۇياش،
رومكىمىزغا پېتىپ كېتىپتۇ.
ئۆپچۆرەمگە باقسام يەنە بىر،
مەنلا ئويغاق مەن يەنە يالغۇز،
ھەمراھلىرىم قېتىپ كېتىپتۇ.

بىز مەستلىكتىن يېشىلگەن چاغدا،
بۇرۇنقىدەك كۆرىمىز يەنە،
كۈن شەرقتىن پاتار غەربكە.

1990 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# خەت

كېچە
يېزىلغاندۇر قارا سىياھدا.

كۈتمەكتىمەن بىر پارچە خەتنى.

پوچتالىيون نەدە يۈرگەندۇ،
يا تارقىتىپ قالدىمۇ خاتا؟
ئادرېسىنى بىلگىنىمگۇ يوق،
خەت كېلەتتى بىر يەردىن ماڭا.

خەت،
ئىشىكىمدىن (قىيا ئېچىلغان)
كىرىپ كېلەر شوخ كۈلۈمسىرەپ.
گەپ قىلغىلى تەمشىلىپ ماڭا،
يوقاپ كەتسە ئاغزى بىردىنلا،
سۆزلەپ كېتەر كەمسۆز كۆزلىرى؛
يوقاپ كەتسە كۆزىمۇ يەنە،
كۆرۈپ تۇرار قۇلىقى مېنى.
غايىب بولسا قۇلاقلىرى ھەم،
ئاڭلار پۈتى تىۋىشلىرىمنى؛
پۈتلىرىمۇ كەتسە يوقىلىپ،
غېرىبلىقتىن بوشىنىپ قولى
قۇچاقلايدۇ توڭغان جىسمىمنى.

توخۇملارنى ساتتىڭمۇ، موما،
ياكى ساقلاپ قويدۇڭمۇ ماڭا؟
مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن كۈن،
خىيالىمدا مەن ساڭا ئاتاپ
ئېپ قويغانتىم ئەرزان بىر كالاچ.

مېنىڭ يىراق تاغلىق شەھرىمدە،
يوق بىرەرمۇ ئاياغ زاۋۇتى.
گويا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقتەك
يوغانغىنا ئىككى زاۋۇت بار،
ئىشلىنىدۇ ئېسىل شارابلار.

تاغلىق شەھەر سۆيۈملۈك قىزچاق،
كۈلۈپ - كۈلۈپ كىرىپ كېلىسەن
يالغۇز ئۇخلاپ قالغان چۈشۈمگە.

1990 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.



بىز ياشايمىز ئىككى دۇنيادا،
ھەر ئاخشىمى چۈشىمىز ئەمما
بىر كارىۋاتتا قالىدۇ ئۇخلاپ.
يۇمۇلغاندا گۇگۇمنىڭ كۆزى،
كۆمۈپ قويدۇم ئۆلگەن شېئىرنى،
كۆمۈپ قويدۇم كېچىگە سېنى.

كېچە گويا خەت،
كۈتمەكتىمەن بىر پارچە خەتنى.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



خەت،
پوچتاليوندەك تامنى ياقىلاپ
كەل يېنىمغا ئاۋايلاپ دەسسەپ.
ئويغىتىۋەتمە سەھەرنى،
ئۇخلاپ قاپتۇ قارنىڭ ئۇستىدە؛
ئويغىتىۋەتمە دەل - دەرەخلەرنى.
ئويغىتىۋەتمە ئويچان ئېرىقنى،
ئويغىتىۋەتمە،
كۆز پەسلىدىن مارىلاۋاتقان —
چوڭ - چوڭ ئىلى ئالمىسى ئوخشاش
نۇرلۇقىنا ئۇخلىسۇن قۇياش!
ئويغىتىۋەتمە جىمجىت تاملارنى،
ئويغىتىۋەتمە ...

تۇن ئاسمىنىدا،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدىن
لەيلەپ چۈشكەن غازاڭدەك نۇرلار،
چۈشەر ئويچان سارغۇچ كۆزۈمدىن.
يېتىم قىزدەك يىغلاڭغۇ ئۈمىد
بوپ قالارمۇ تۇنجى سۆيگىنىم؟
كۈز پەسلىدە مىسكىن دەرەخنى
تاشلىۋېتىپ كەتكەندەك قۇشلار،
كەتتىڭ ماڭا قالدۇرۇپ جىملا
كۈز پەسلىنىڭ غېرىبلىقىنى.
لېكىن مەن يەنە،
كونا تۈگمەندەك سېغىنىپ تۇردۇم
ئۆمۈچۈك تورىدەك خىياللىرىڭنى.

# خوش، چۆچەكلەر

زاۋالدىكى ساقاللىق قۇياش
سەن ئەمەسمۇ بوۋامغا ئوخشاش.

بوۋام چۆچەك سۆزلىسۇن،
جىم ئولتۇرسۇن گۈگۈم بىز بىلەن.

مارىلىما ئاي،
كۆل بويىدا شاھزادە،
ئۇچرىشىدۇ كەپتەر قىز بىلەن.
گەپ ئاڭلا، شامال،
ئالتۇن كەشنى كىيىپ غىپپىدە
قېچىپ كەتمە تېرەكلىككە سەن.

ھېرىپ كەتكەن قوزىلار
ئۇخلاپ قالدى ئوتلاقتىن كېلىپ.
ئۇگدەپ قالغان شولىلار
يېشىل تامدا تۇرار تەۋرىنىپ.
جىن چىراغنىڭ ئۇيقۇسى كەلسە،
يېڭى چۆچەك باشلىسۇن بوۋام.
بىز ناۋادا قالساقمۇ ئۇخلاپ،
قۇلىقىمىز تىڭشىسۇن ئويغاق.

# بىر تال قۇرت

بىر تال قۇرت ئۈمىلىمەكتە،
قانتى يوق پەرىشتىلەردەك،
بىر يەرلىرى سەندەك يا مەندەك.

قاراڭغۇلۇق كەلسە ئۈمىلەپ،
ھەمراھ قىلدىم ئۈمۈچۈكلەرنى،
بارمىقىڭنى، ئىسسىق خىيالنى
ۋە مولايىم قارا كۆزلەرنى.
ئېھ مەن سېنى سۆيۈشتىن ئاۋۋال
سۆيەلمىدىم ئۆزۈمنى ئەجەپ.
قۇتۇلماقچى بولغان ئۆزۈمدىن
سېنى سۆيۈش ئارقىلىق پەقەت.

مەن قۇرتقا ئايلىنىپ دائىم
تىلەيمەن باش ئېگىپ خۇدادىن
قايغۇ ماڭا يىغلاۋاتقاندا،
كۈلۈمسىرەپ بەرسىكەن دۇنيا،
كۈلۈمسىرەپ تۇرسىكەن سايەم.
سەنلا يوقاپ كەتسەڭ مۇبادا،
ماڭا قاراپ كۈلەلمەس بەخت،
كۈلەلمەيدۇ ئۈمىدمۇ ھەتتا.

ئىچ ئاغرىتماس مېنىڭدەك ھېچكىم
كىچىككىنە بىر تال قۇرتقا.

1991 - يىل 1 - ئاي، ئۈرۈمچى.

# قىز

لەيلەپ يۈرگەن سارغۇچ بىر ئاۋاز
كۆلۈمسىرەر قۇلاقلىرىمغا.

ئاچالمايمەن روجەكنى كەچتە،
قىز كۆزلىرى باردەك گۇگۇمدا.
دەل ـ دەرەخلەر ماراۋاتقاندەك،
تىكىلگەندەك قۇشقاچلار ماڭا.

بار مېنىڭدە گۈزەل بىر ناخشا،
ئېيتالمىدىم تېخىچە ئەمما.
بار مېنىڭدە ئاچچىق بىر يىغا،
كۆرمىسكەن دەيمەن باشقىلار.

يالغۇزلۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ
سۆيۈشكەندە هايات بىلەن مەن،
ئىشىك چەككەن قىزغانچۇق كىمسەن؟

ئاق تېرەكلىك كەنت يولى بويلاپ
كەلگىنىدە گۇگۇم پايپاسلاپ،
چىغىر يولدەك خىلۋەت كۆڭلۈمدىن
ئۆتۈپ قالغان بىر قىز ئەمەسمۇ؟

قۇشلار كەتتى قۇشلار شەھرىگە،
دەرەخلەردە قالار چۈشلىرى.
ئەگەر بارماق بولساق ئەگىشىپ،
خاسىيەتلىك ئالمىنى يەپلا
كىيىك بولۇپ قالغان مەلىكە
يول باشلايدۇ جىلغىدا بىزگە.

ئۇيقىمىزغا ئېيتايلى،
ساقلاپ تۇرغىن ئىشىك تۈۋىدە،
چۆچەك تېخى تۈگىمىدى دەپ.
ئۇخلاپ قالغان بولسا دەرەخلەر،
قونۇۋالار ئاي نۇرى لەيلەپ.
ئېرىق سۈيى ئويغاتسۇن
بېلىقلارنى ئاستا ئەللەيلەپ،
چۆچەك تېخى تۈگىمىدى دەپ.

خوش، چۆچەكلەر، خوش،
ئۇخلاپ قاپتۇ بىزنىڭ بوۋىمىز.

1991 - يىل 3 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# ۋاقىتنىڭ سىرتىدا

ۋاقىت،
ئوخشىمىدىكەن قومۇشلۇقتىكى،
يوپيۇمىلاق غاز تۇخۇمىغا.
تور ئىچىدە نۇر چېچىۋاتقان
ئۆمۈچۈكنىڭ پادىشاھىغا.
ئوخشىمىدىكەن تام تۈۋىدە ئۇ
ئۇخلاپ قالغان يېتىم بالىغا.

ۋاقىت،
كېتىۋاتقان ئېرىپ تامچىلاپ
ئۆگزىدىكى قىش پەسلىمۇ يا؟

تۇخۇمنى ساتقىلى ماڭغان
چەت يېزىلىق تارتىنچاق قىزدەك،
ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە باھار.
ئېرىمەكتە مۇزدەك خىيالىم،
ئېرىمەكتە دېرىزەمدە قار.

تامچىلايمەن
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدىن،
ئەپۇ سوراپ زېمىندىن،
ئەپۇ سوراپ شوخ كەلگۈسىدىن.
ئۈمىد،

ئۇمىدسىزمەن سىم - سىم يامغۇردەك،
بىراق، ساڭا چاقنايمەن نۇردەك.
سەتەڭلىكىڭ ياكى سەتلىكىڭ
مېنى هامان قىلار بىچارە،
چۈمۈلىلەر سىزغان رەسىمدەك.

گۈللەر قاچان كېلەر قېشىمغا.

ئايلىنارمۇ سايەم بىر قىزغا؟

1991 - يىل 3 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# قۇشلارنىڭ خېتى

چىشلەپ كېلىپ قۇشلار سەھەرنى
تاشلاپ قويىدى رۇجەكتىن.

ئۆزۈنگىنە ئارچا شاخلىرى
تۇتۇپ بىر تال تۇمان گۈلىنى،
بەكمۇ ئۇزاق كۈتتى بىر سېنى.

سەن ئۆيۈمگە كەلگەن ئىكەنسەن
ئەتىيازدەك تىۋىشسىز دەسسەپ،
تۇيماپتىمەن قاخشال دەرەختەك.

سۇپسۇزۇك ئويقۇ
ئويۇپ قاپتۇ كارىۋات ئۇستىدە.

چىغىر يولغا نۇر سېپەر يۇلتۇز،
ۋاللىدايدۇ تاشلار مارجاندەك.

كەپسىگە نامرات يىگىتنىڭ
بىر مەلىكە كېلىپ شۇ كەچتە،
غايىب بولۇپ كەتكەن سەھەردە.

سەن ئۆيۈمگە كەلگەن ئىكەنسەن،
ئولتۇرۇپسەن كارىۋاتتا تېخى.

ياڭۋاردىكى ئاي شولىسىدەك
مۆز ئۈستىدە قالار يالتىراپ ...

ۋاقىت،
ئوخشامدىكىن قومۇشلۇق كۆلدە
بېلىقچىلار كۆرگەن باھارغا؟
ئوخشامدىكىن كىمدۇ بىرسىنىڭ
كۆزلىرىگە كۆمۈلگەن ماڭا.

1991 - يىل 3 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# ئۆمۆچۆك ناخشىسى

(داستان)

## 1. ماۋزۇسىز

بۇرۇن - بۇرۇندا،
توساتتىن بىر ئايال پادشاھ
ئايلانغاندا ئۆمۆچۆك قىزغا،
ئەمەس ئىدىم شاھزادە.

قالسا كۆڭلۈم ئىسەدەپ،
دېرىزەمگە گۈللەر كەشتىلەپ،
بىر مۇلايىم ئۆمۆچۆك پەقەت
سۇنۇپ بەرگەن قول ياغلىقىنى.

ئەمەس ئىدىم شاھزادە.

قىز كۆزىدەك خىلۋەت كەنتتە،
ياشتەك پارلاق تاغلىق شەھەردە،
مىنىپ يۈرگەن بالا مەن ئىدىم
پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا.
بوسۇغامدا ساقلاپ ئولتۇرغان
ئۆزۈن قۇيرۇقلۇق چۆچەكتىن باشقا،

ئۆيۈلۈپتۇ چۈشلىرىم بەكمۇ،
تۇيماپتىمەن قارىغىنىمنى.

بوغۇزىدا قۇشلارنىڭ
تۇرار ئىسمىڭ سەھەردەك چاقناپ،
سەن كېتىپسەن مەندىن يىراقلاپ.

1991 ـ يىل 5 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



ئىت غۇنچىسى،
تېزەك بەرگىنى.
كۆز شەھىرىدىكى
قۇشلار بىلەن توي قىلغان —
زەرچاپانلىق باي دەرەخلەردىن،
بىزنىڭ باغدا يوق گىلاسلارنى.
ئېتىزىدىن كېچە دېھقاننىڭ
ۋالىلدىغان كۈمۈش ئورغاقنى.
باشاقلاردىن چېچىلىپ كەتكەن
سان ـ ساناقسىز زۇمرەت ئۈنچىنى.
سېتىۋېلىپ كېلىدۇ ئانام،
كىرسىنى يوق تۇل قوشنىمىزنىڭ
ئۆيىدىكى قاراڭغۇلۇقنى.
شەھىرىمىزدىن ئۆتكەن خىزىرنىڭ،
يالقۇن كەبى قاناتلىرىدىن
ياشتەك تېمىپ چۈشكەن يورۇقنى.
تۇخۇم ساتار غەمكىن ئۈمىدسىز،
ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ ئانام.
مۇھەببەتنىڭ يىپلىرى بىلەن
تور توقۇيدۇ غېرىب بازاردا،
تور توقۇيدۇ ئالماستىن ئارام.
ئانام،
سېۋەتتىكى تۇخۇمنى سېتىپ،
جىق نەرسىنى كېلىدۇ ئېلىپ.

قۇياش گويا ئۆمۈچۈك،
گىرۋىكىدە ئۈپۈقنىڭ

تونۇمايدۇ ھېچكىممۇ مېنى.
شۇ ئاقكۆڭۈل تاغلىق كەنتىملا،
ئانام كەبى ئەسلەيدۇ پەقەت،
چۈمۈلىلەر ئويىنار ئىسمىمنى.

بازاردا بار ئۈمۈچۈك بالا.

يولۇچىلار توپلىق يولدا،
جىرىڭلىتىپ ئات ھارۋىسىنى،
يەكشەنبىدە ماڭار بازارغا.
ساندۇقتىكى كۆڭلىكى بىلەن
پەرىزاتلار بەرگەن ئاياغنى،
كىيىۋالار ئانام شۇ چاغدا،
شاھزادىنىڭ كەمپىتى بىلەن
مارجان باسقان خوتەن بۆكىدىن
ئالغاچ كەلگىن دەيمەن دادامغا.
ئانام،
سېۋەتتىكى تۇخۇمنى سېتىپ،
جىق نەرسىنى كېلىدۇ ئېلىپ.

سېتىۋالار ئۈمۈچۈكلەر كەنتىدىن،
كۇمۇش يىپتا توقۇلغان
نەپىس شايىنى.
گۈل دۆلىتىدىن،
چېچەكلىگەن شېغىل تاشلارنى؛
يامغۇر يېغىپ كەتكەن بىر كۈنى،
گۈل بولۇپ قالغان پادىچى قىزنى،

يۇلتۇزلارنىڭ يۇمران بارمىقى
مەڭزىمىزنى قويىدۇ سىيلاپ.

باھار تاڭدا كەلدى بازاردىن.
ناخشا ئېيتار قوڭغۇزلار ئاستا،
ئانام پۇرچاق تەرگىلى ماڭسا،
ئانىسىغا ئەگىشىپ،
غىڭشىغانچە يىغلاڭغۇ بولاق
كېتىپ قالدى يولسىز ئورمانغا.

مورىسىدىن پاكار ئۆيلەرنىڭ
ئۇچۇپ چىقار پىلدىرلاپ سۇبھى،
كۆك بەرگىلىك گۇل كەبى.
پورەكلەيدۇ ئۆگزىدە،
پورەكلەيدۇ ھاۋادا، شاختا،
پورەكلەيدۇ ئادەملەر ئارا.

نۇر ئېرىقى تاڭدىكى يوللار.
گۇل بازىرى تاڭدا ئېتىزلار.
سۇ پەرىسى تاڭدىكى قىزلار.
ناخشىچىدۇر ئىتلارمۇ ھەتتا.
سۇبھى پەيتى ئۇچۇپ كېتەر ئاي
تىنىق پەيلىك مەرۋايىت قۇشتەك،
ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ،
قۇش تۇخۇمى دەرەخزارلىقتا
گۆھەر كەبى نۇر چېچىپ تۇرار.
تور ئىچىدە ئۆمۈچۈك بالا،

غايىب بولدى كۈمۈش تور تارتىپ.
بۇرۇن - بۇرۇندا،
دەلمۇدەل شۇ پەيتتە،
غايىب بولغان قاراڭغۇلۇقتا،
ئۇۋغا چىققان كىچىك مەلىكە.
ياغنى سېتىپ بولغان جۇۋازچى،
تۈن شولىسى چۈشكەن بازاردىن
سودىلىق قىپ قايتار ئۆيىگە.
بۇغدىيىنى پۇل قىلالمىغان،
بالىسىغا قەنت ئالالمىغان،
قولى قۇرۇق دېھقان كەينىدىن
تەقدىر كەبى ئەگىشىپ،
نامرات گۈگۈم كېلەر بازاردىن.

قويلىرىنى ھەيدەپ جاڭگالدىن
يانغىنىدا پادىچى بالا،
گۈگۈم بىلەن سۆيۈشەر دالا.

ئاسماندىكى قارا دەريادىن
ئېقىپ كېلەر كېچە شىلدىرلاپ.

بازار غايىب بولغان شۇ كەچتە،
ئۆمۈچۈكلەر توقۇيدۇ كەشتە،
پەرىزاتلار چۈشەر كەنتكە.
بەك جىق چۆچەكتىن ياسالغان مومام،
چېچى بولسا نۇردىن ياسالغان.
ئۇخلاپ قالسا تۈگۈلۈككە قاراپ،

يېزىسىغا كەلمەيتۇ قايتا،
ئايلانغانمىش بىلىققا.
قوشنا يېزىلىق چۆچەكچى بوۋاي،
ئايلانغانمىش بىلىققا،
بىر كېچىدىلا.
ئاكام
بىلىدۇ بەك نۇرغۇن نەرسىنى.
نېمىلەر بار بازاردا؟
ئۆمۈچۈك تور تۇتقان چايخانا،
سىمىلدىغان چىرايلىق يامغۇر.
رەستە،
دېرىزە،
شاپتۇل شۆپىكى، گۇل تەشتەكلىرى.
ئەينەك كۆكۈندا يالتىرىغان نۇر.
بېلەكلىرى يالىڭاچ ئايال.
گازىر چاققاچ، كىنوغا ماڭغان
ئاق شىبلىتلىق كۆزەينەكلىك ئەر.
ئانام،
توخۇنىڭ پۇلىغا ئالالماي قالغان
بىر - بىرىدىن قىممەت رەختلەر ...
نېمىلەر بار بازاردا،
ئۆمۈچۈك تور تۇتقان چايخانا،
سىمىلدىغان چىرايلىق يامغۇر،
ئانام زادى تاقاپ باقمىغان،
ئالتۇن ھالقا، كۈمۈش بىلەيزۈك.

مەززە قىلىپ چۈشكىچە ئۇخلار.
خىيال كەبى تىنىق كۆللەردە،
سۈيۈپ قويۇپ يالىڭاچ ياتقان
بالىسىنىڭ كۆزىگە،
ئۈزۈپ كېتەر ئانا بېلىقلار.
موللام يەنە ئېشەككە مىنىپ
يول ئالىدۇ قوشنا يېزىغا.
شەھەردىكى ئېگىز ئۆيلەرمۇ
چۆمۈلىدۇ تاڭ نۇرلىرىغا.
مەكتىپىگە كېتەر يۇلتۇزلار،
مەن سەھەردە ئويغانماس چاغدا.

ئاكام
بىلىدۇ بەك نۇرغۇن نەرسىنى.
مۇز ئادەملەر مۇز ئۆي قەيەردە؟
يىل بويى ياز بولىدۇ نەدە؟
تۆگىدەك چوڭ قۇش بارلىقىنى
بىزدىن يىراق ئىسسىق ئەللەردە.
پادىشاھلار پىللارغا مىنىپ،
چىقىشىنى تاغقا سەيلىگە.
ئاق چۈمۈلە ئۆي سالغان كۈنى
تۇغۇلغانلىقىنى دەيدۇ ئۇ مېنى.
ھېچ ئۆلمەسمىش ئۇچرىغان ئادەم
ئۈمۈچۈكنىڭ پادىشاھىغا.

بىر بالا
سۇ ئۈزگىلى كېتىپ دەرياغا،

بولۇپ قالار ئايال پادىشاھ.
مەن شۇ چاغدا بىر ئالتۇن ئوردا
سىزىپ بېرەي دەيمەن ئانامغا.

## 2. تۇگمەن

ئەسسالام دۇنيا،
ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرىدىن مەن
مۇھەببەتكە، ئىنسانىيەتكە،
يىغلاپ تۇرۇپ سالام يوللايمەن.

چوڭ شەھەردىن بەكمۇ يىراقتا،
يەر شارىدەك ئايلىنار تۇگمەن.
ماڭغىنىدا ئۆگۈتنى ئېلىپ،
يوقاپ كېتەر كەنتتىكىلەر
سامان يولىدىن ئاققان نۇر ئارا.

خىزىر كەبى تۇگمەنچى بوۋاي،
قانىتىنى يوشۇرۇپ كۈندۈز
ئۇچۇپ كېتەر تۈندە يۇلتۇزغا.

دادام ماڭسا تۇگمەنگە قاراپ،
مەن قەيەردە دەيمەن پىچىرلاپ.
ياشقا تولغان پارلاق كۆزلەردەك
ئېرىق سۈيى ئاقار پىلىلداپ.

مەن تېخىچە بېرىپ باقمىغان.
بازار قانداق؟
بىلىدۇ ئاكام.

چۈمۈلىلەر مايماق پۇتىدا،
قۇم ئۈستىگە سىزغان رەسىمدەك،
يېرىم تاللا قېرىنداشتا مەن
كۆپ نەرسىنى سىزىپ چىقىمەن.
چاشقان سىزغان قەغەزنى
ئەكىرىمەن مۈشۈك يوق ئۆيگە.
ئۇخلاپ قالسام ئۆردەكنى سىزىپ،
ئوغرىلىقچە قەغەزدىن چىقىپ
چۆمۈلگىلى كېتىدۇ كۆلگە.
قار ئۈستىگە سىزغان دەرىخىم،
قەلىمىمنى ئۇچلاپ بولغۇچە،
ياپراقلايدۇ كەلدى دەپ باھار.
مەلىكىنىڭ سىزسام كەشىنى،
كىيىۋالار سىڭلىم غىپپىدە،
(ئاق قەغەزدە ئىزلىرى قالار.)
تۆيدۇرماستىن كەنتتىكىلەرگە،
مەن بازارنى سىزسام قەيەرگە،
جىرىڭلىتىپ ئات هارۋىسىنى،
ھەممە ئادەم كېلەر شۇ يەرگە.
بۇرۇن - بۇرۇندا،
توساتتىنلا بىر تال ئۈمۈچۈك

چەكسىز سوغۇق غېرىبلىق ئارا
كۆز ئالدىمدىن ئۆچتى چايخانا.

مەن چۈشۈمدە شەھەرگە بېرىپ،
ئۆمۈچۈككە قالدىم ئايلىنىپ.

## 4. ماۋزۇسىز

غېرىبلىق
ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرى ئارا،
لەززەتلىنىپ ئوقۇيدۇ ناخشا.

مەن ياشايمەن ناتونۇش كۆزلەر
تولۇپ كەتكەن غەمكىن شەھەردە،
كەچكۈزدىكى قاغىدەك گويا.
ناتونۇشتۇر ئىشىكلەر ماڭا،
ناتونۇشتۇر قوشنىلار ھەتتا —
بارماقلىرىم بارماقلىرىمغا.
ئېچىۋېتىپ روجەكنى ھەر كەچ،
دەيمەن ئۇچۇپ كىرسۇن تەبىئەت.
يوقلاپ كېلەر مۇلايىم قايغۇ،
يوقلاپ كېلەر ئاقكۆڭۈل ئۈمىد.
گۇگۇم،
تېرىپ كېلىپ دالىدىكى شەپەقنى،
سېلىپ قويار دېرىزەمدىكى
توپا باسقان گۈل لوڭقىسىغا.
قۇشلار باھارنى

ئاسماندىكى نۇرلۇق دەريادىن
گويا سۈزۈك ئۈمىدكە ئوخشاش
ئېقىپ كېلەر سەھەر شىلدىرلاپ.

مەن بولىمەن غەمكىن تۇگمەنچى
سالام ئۈمىد، سالام يەر شارى!

## 3. چايخانا

مەن چۈشۈمدە بازارغا بېرىپ،
ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قېلىپ،
تور ئىچىدە تۇراتتىم جىمجىت.

شىرەدىكى پىيالىلەر بەك،
يوغان ئىدى كالا كۆزىدەك.

ئۆلۈپ كەتكەن چۆچەكچى بوۋاي،
گەپ قىلماستىن ئىچەر ئىدى چاي.

بىر پەرىشتە كىرىپ توساتتىن،
چىقىپ كەتتى يالىڭاچ ئايال.

بېلىق بالا سىم - سىم يامغۇردا،
ئۈزۈپ كەتتى ماڭا قارىماي.

كەنتتىكى قوشنىلارمۇ ھەم.
بىر - بىرىنى قالدى تونۇماي.

تۇمانلىق مۇنچا،
شۇبھىلىك تاكسى.
گۇمانلىق كۆز نۇرلىرى كەبى
لەيلەپ يۈرگەن تاماكا ئىسى.
يوچۇن ئادەم،
غەرىب ۋاقىت،
دەردمەن مەدەنىيەت.
پارىژ،
لوندون،
سان ـ تياگو،
قەشقەر،
بۇ شەھەر.

بۇ گوياكى ئۆمۈچۈك شەھرى،
ئۆمۈچۈكتۇر بارچە ئادەملەر.

ئىرماش ـ چىرماش ئېلېكتر سىمى،
بوشاپ قالغان گۈل دۇكانلىرى،
قوڭغۇراقلىق سائەت مۇنارى،
تانسىخانا ۋە تۇرلۇك ئاۋاز،
ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدۇر گويا.
تور توقۇيدۇ سانسىز ئۆمۈچۈك،
ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆۋىسى — دۇنيا.

لەمپىسىدىن جىمجىت كۆلبەمنىڭ
ساڭگىلىغان ئۆمۈچۈك تورى.

دەرەخلەردىن ئوغرىلاپ كېلىپ،
بەرمەك بولار تەسەللى ماڭا.
مەن يەنىلا غېرىب قەلبىمدە
كۆز پەسلىدەك ياشايمەن تەنها.

تۇمان كەچتە شەھەرگە كەلگەن
چەت يېزىلىق يالاڭئاياغ قىز،
ئۆتۈپ كېتەر تەمتىرىگەنچە
دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن ئۈنسىز.

ئالتۇن كەشلىك توپ ـ توپ پەرىزات،
ئۇسسۇل ئوينار پىرقىراپ مېنى.

ناخشا ئېيتار تەنها ئۆمۈچۈك،
يىغلاتقىلى سوغ يۈرىكىمنى.

چەكسىز ئۇزۇن يامغۇرلۇق كەچتە،
قېتىپ قالار كۆزۈم رۇجەكتە.
چۈمۈلىدەك ئاجىز بىر ئاۋاز،
تۇندەك يەڭگىل يوچۇن بىر گەۋدە
قىمىرلايدۇ غۇۋا يۈرەكتە.
ۋاقىت،
لىكىلدىتىپ نەم قۇيرۇقىنى،
ھەر كۈنلۈكى تالاي رەت،
غېرىبسىنىپ كىرەر ئىشىكتىن.

ئېھ، مەن گويا سىرلىق بىر شەھەر،
قىپيالىڭاچ ئۆزۈمدىن باشقا،
بۇ شەھەرگە كەلمىدى ھېچكىم.

ئامېرىكىلىق بىر مۇخبىر يازغان
يېڭى ماشىنا ئادەم ھەققىدە.
ئۇستىلىمدە تۇرغان كالېندار،
شۇمۇ تېخى ئۆتكەن يىلدىكى.
تۈنۈگۈنكى بۈگۈندۇر — بۈگۈن،
بەلكىم ئەتە بولار تۈنۈگۈن.
پوچتالىيون چېكىپ ئىشىكنى،
سورۇشتۇرۇپ ئۆي نومۇرىنى،
كېتىپ قالار كەچۈرىسىز دەپ.
بالكونىنىڭ ئۇستۇن قەۋەتتىن
تاراقلىغان ئاياغ ئاۋازى —
سانچىلىدۇ گويا بېگىزدەك.
ساقچى بىردىن قىلار ئاۋارە،
قاتىللىق يۈز بەردى مۇشۇ ئەتراپتا
ئەھۋال سوزلەپ بېرەلەمسىز دەپ.
كۆتۈۋالار ئۇستەل چىرىغى،
كىرگىنىمدە كەچتە دەلدەڭلەپ.
كېلىپ سورلۇك ئەينەك ئالدىغا،
زەن سالىمەن باش ـ ئايىغىمغا،
گۇمانلىنىپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم.
گويا كىمدۇر مۆكۈۋالغاندەك،
بىرەرسىنىڭ سايىسى باردەك،
چەكچىيىدۇ تاملارغا كۆزۈم.
توساتتىنلا ئىشىك ئۇرۇلۇپ،
پاخپايتقانچە سالۋا چېچىنى،
غېرىبسىنغان مومايغا ئوخشاش،

ئېھ ئۇنىڭدا تۇرىدۇ چاقناپ
چەكسىز گۈزەل غېرىبلىق نۇرى.
ئاپئاق قاردەك سوغۇق بىر سۈكۈت
قاپلىۋالغان ئىمارەتلەرنى.
دېرىزىدىن كۆرمەك بولىمەن
تىنچ، خىلۋەت يىراق يەرلەرنى.
كوچىدىكى ئېلان تاختىسى،
دەرد - ئەلەمگە پاتقان ئادەمدەك،
رەڭگى - ئۆچۈپ كەتكەن يامغۇردا.
مەيخانىدىن خۇشخۇي ئادەملەر
مۇزىكىدەك چىقىدۇ لەيلەپ.
ئىتتىككىنە ماڭغان بىر بالا
ئۇسسۇۋالدى سېمىز مومايغا.
قارا قالپاق ئالماقچى بولۇپ،
قىستىلىدۇ كىشىلەر توپ - توپ،
مال باھاسى چۈشكەن دۇكانغا.
سەھنىدىكى چىرقىراق ئايال
بەلكىم يەنە بۈگۈن كەچتىمۇ،
تەرلەپ كەتتى ناخشا ئېيتالماي،
سېسىپ كەتكەن ئالمىنى باققال
كىنوخانا ئالدىدا يەنە،
ساتماق بولۇپ قالدى ساتالماي.
بېسىلىدۇ كەچلىك گېزىتنىڭ —
«بۈگۈنكى يەر شارى» بېتىگە،
ئادەم ئىزدەش ئېلانى يەنە.
«خەۋەرلەر» بېتىگە بېسىلىپ چىقار،

دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن يارالغان،
ئەبەدىيلىك كۈمۈش قوڭغۇراق.
يۈپيۈمىلاق يۇمىلاق بولۇپ،
دومىلايدۇ ياش تامچىلىرى،
دومىلايدۇ نۇرلۇق يەر شارى!!

ئايال،
كۆزلىرىڭنىڭ ئاۋازى،
رومكا كەبى سۇزۇك بوشلۇقتا
مەست قىلىدۇ نېرۋىلىرىمنى ...

پىل چىشىغا ئوخشىشار سۆكۈت،
خىيالىمدا ياتار نۇر چېچىپ.
ئوردىسىغا شاۋقۇن - سۈرەننىڭ
كەلمەكتىمەن مالايلىق قىلىپ.
قىز - ئايالالار دۆلىتىدە مەن،
قاقاس كۆڭۈل ئارىلىدا ھەم،
دېڭىز كەبى ئېقىن شەھەردە،
ئۆز - ئۆزۈمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ.

يېپىلماقتا ئۈمۈچۈك تورى
يەۋەتكىلى دەم تارتىپ مېنى.
كىچىككىنە چىۋىنگە ئوخشاش
تىركىشىمەن جان - جەھلىم بىلەن،
قۇتقۇزۇشقا ئۆز ئۆزۈمنى مەن.

ھايات - مامات كېسىشكەن يەردە،
يەر شارىنىڭ يىراق چېتىدە،

كىرىپ كېلەر ۋاقىت سۈرۈلۈپ.
كارىۋىتىمغا چىقىپ خىياللار
ئېسەدەيدۇ ئۇزاقتىن ئۇزاق،
كۆز غازىڭى كۆمگەن بولاقتەك.
بىر خاتالىق ئۆتكۈزگۈم كېلەر،
ئالەمدە ئۇ گۈزەل بەك گۈزەل.
قېنىپ قېنىپ سۈمۈرگۈم كېلەر،
رۇمكامدا لىق سۆيۈملۈك زەھەر
ۋە كۆز يېشى ئادەم ئاتىنىڭ.
ئەي، خۇدانىڭ ئوماق قۇشلىرى،
ئۇچۇپ چۇشۇپ ئىلاھ يېنىدىن،
قونساڭلارچۇ بېشىمغا بىردەم،
ئالەمدىكى غەمكىن دەرەخمەن.
نەدە سىلەر سۈزۈك بولاقلار،
كىرىڭلارچۇ ھۇجرامغا ئېقىپ؛
پىلتىڭلىغان بېلىق بولۇپ مەن،
ھەمدۇسانا ئېيتاي سىلەرگە،
ئەڭ يېقىملىق ئاۋازىم بىلەن.
ئېھ، ئاياللار چەكسىز ئاياللار،
سىلەر تۇمان كۆمگەن تېرەكزار،
نۇر مەن چاقناپ ۋە ئۇچۇپ تۇرغان.
مەن سىلەرنىڭ ئامانىتىڭلار،
مەن سىلەرنىڭ ساخاۋىتىڭلار ...
سىلەر خۇشبۇي گۈللەر قەبرىسى،
مەن كېپەنسىز غېرىب يوپۇرماق.
جىمجىت ئاۋازدۇر
قىزلار ۋۇجۇدى،

ئايال،
سەن غېرىبلىق قۇياشى گويا،
ماڭا قاراپ ئېسەدەپ دۇنيا ...

كەنت چېتىدە ئايلىنار تۈگمەن
ئېرىقلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن.
نۇردەك توزۇپ كېتەر تۈگمەنچى،
چاپانلىرى ئۇنغا مىلەنگەن.

ئولتۇرىمەن تاتلىق ئۈمىدتە،
لەيلەپ كېلەر سۇزۇك جىمجىتلىق،
سەھەردىكى گۈل ساتقۇچىدەك،

6. چايخانا

ئۇزۇن نۇردەك ياتقان بۇ كوچا،
ئايىغىدۇر سامانيولىنىڭ.

تور توقۇيدۇ ئۈمۈچۈك خانىش،
تەڭكەش قىلىپ شوخ مۇزىكىغا.
كۆتكۈچى قىز كەلتۈرسەڭچۇ چاي،
پىيالىدەك كۆزۈڭدە ماڭا.

مۇسەللەستىن مەست بولغان بوۋاي،
چاي ئىچىدۇ قىزىل گۈل چىراي.
جىمجىتلىق،
ئاستا - ئاستا سۈمۈرەر مېنى.
مەن تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ،

تور توقۇيدۇ ئۆمۈچۈك قىزچاق،
ئارىسىدا مەڭگۈلۈك نۇرنىڭ
قىمىرلىغان ئۆمۈچۈك ئوخشاش،
تەنها شائىر توقۇيدۇ قوشاق.

## 5. تۈگمەن

سۈكۈت
سەھەردىكى گۈل ساتقۇچىدەك،
ئىشكىمنى چەكتى تىرىقلاپ.

ئۆمۈچۈكنىڭ گۈللۈك تورىدا
ئۇخلاپ قالار ئۇن توزانلىرى،
ئاي نۇرىدىن قىزدەك يېتىرقاپ.
ئېھ تۈگمەنچى،
ئاپئاق نۇرغا چىلانغان سايەڭ
چۈشۈپ قالسا چاقپېلەككە،
بىر تال يۇمران گۈلگە ئايلىنىپ،
ئېچىلارمۇ پۈررىدە قىلىپ؟

ۋاقىت،
ئايلىنىدۇ سۇ تۈگمىنىدەك،
مېنى تەنها قالدۇرۇپ قويۇپ.
كۈلەلمەيمەن هاياتقا قاراپ،
خىيالىمدا قالىمەن لەيلەپ،
غېرىبسىنغان تۈگمەنچى بولۇپ.

# كېچە مېنىڭ كارىۋىتىمدا

2003 — 2005



ئۆز - ئۆزۈمنى سۆيمەكچى بولۇپ،
سۆيۈپ قالدىم مۇزدەك بىرسىنى.

مۇزىكىدۇر ئاياللار بىزگە.

كۈتكۈچى قىز كەتمەكتە ئېرىپ،
ئەركەكلەرنىڭ كۆز نۇرلىرىدا.

بۇ كوچا،
تۇتىشىدۇ سامانيولىغا.

1991 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.



# ئىككىنچى ئوغلۇم

تالادا دىشۋارچىلىق،
تالادا پەيشەنبە
قالغان قېتىپ،
مەن تۇرىمەن كارىدوردا
چىلىق - چىلىق تەرگە پېتىپ.
خوتۇنۇم
ھۇشىدىن كېتىپ،
ئۇپۇقتىكى كارىۋاتتا
تاڭ سەھەرنى تۇغماقتا...
ئۇ دەھشەتلىك جەڭ مەيدانىدا
مىنىپ ئۇچقۇر ئۆلۈم ئېتىنى،
قورال قىلىپ مۇھەببىتىنى
غازىلاردىن ئالماقتا ئۆلگە.

بېغىمىزنى تولدۇرۇپ گۈلگە
تۇغۇلغۇسى بۆرە يا تۈلكە.

دەرەختىكى چىڭقى چۈشكە
ئاققۇلاردەك قوندى ئۈن ئىككى،
قوندى چىرايىمغا شاد كۈلكە.

# قىلىچ

قارا قاردا كۆكلەم شامىلى
پۈۋلەيدۇ چوغدەك مېنى.
ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق
بويلاپ قارىياغاچ تېنىنى
چۈشمەكتە.

ئىسسىق تەندەك ئېچىلغان ئىشىك،
هورغا ئايلانغان چىرايلىرىمىز،
تېنىمىز، قېنىمىز، شىرە ھەممە نۇر.
جېنى بارلار نېمىدېگەن كۆپ
تېز تاماقخانا جىددىي بىر ھۇزۇر.

— كەچلىك تاماقنى بىللە يېسەك...

گۇگۇمدا قار ئاچماقتا چېچەك،
گويا قات - قات ئاپئاق تېگىنى
سويۇپ ئاچماقتا.

ئاقماقتا
جەنۇبىي قوۋۇقتىن لەشكەرلەر
دەرەخلەر، ئاياللار، بالىلار...
بېشىمىزنى ئېلىپ قاچتۇق
ئۆيىمىزگە.

بالام ئىڭرايدۇ، بۆرە ھۇۋلايدۇ
بۇ ئىگەمدىن بېرىلگەن ئىنئام.
بالا مېھرى دىلنى ئۇۋلايدۇ
يالغۇزلۇقتىن قورقىدۇ ئىنسان.

ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى
ئوغلۇم ئۈچۈن ياراتتى ئاللا
كۈن نۇرىنى، زېمىنىنى، سۇنى.

ئاپئاق قارغا پۈركەندى دۇنيا
ئۇچماقتىمەن دوراپ ئاققۇنى.

2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.



# ئايلىنىش

1

چاتقال بىلەن قار ئارىسىدا
ئۈۋچىنىڭ كۆزى قوش يالقۇن —
ئۆچۈپ قالدى يارىسىدا
قىرغاۋۇلنىڭ.

2

ئايالىم قازان ئاستى
پولۇغا،
قىرغاۋۇل باستى.

3

چۈشۈمدە ئاش ۋاقتى،
تېلېفون جىرىڭلايدۇ
بىر ئادەم تورۇپكىغا قول ئۇزاتتى،
قول ئەمەس قىرغاۋۇل قانىتى.

قىلىچتەك ئاي نۇرى
شۇڭغۇپ كىردى ئۆيىمىزگە.

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.



# كىتاب

شاختىكى ئېغىر قاردەك
تۇرمۇش غېمى باسقاندا،
باشقا چىقىش يولى باردەك
كىتابلاردىن تارقىلىدۇ كۈي.
يۈرىكىمىز چېكىلەر تاردەك
تاللىق باغقا ئايلىنىدۇ ئۆي.

ئىشتىن ھېرىپ كېلىمەن
ئىچىم ماڭا قىلىدۇ خىتاب:
يوق ئىكەن تالادا ھېچنېمە
بىز تېخى ئوقۇلمىغان كىتاب...

ئۆزىتىمەن قولۇمنى
سۇدىكى يالقۇنغا،
ۋاقىتتىكى ئېگىز كۆك قۇمغا،
كىتابتا ئېچىلغان رۇجەككە
رۇجەكتىكى شولىغا، نۇرغا.
سۇنۇق كۆڭلۇم ئاق كەپتەردەك سۆيۈنەر،
دۇنيا ماڭا قىزىلگۈلدەك كۆرۈنەر.

كىتابتىن چىققان مەھمۇد قەشقەرى
ئولتۇردى
يېنىمدىكى بىر تۇپ

4

يوق نەرسە يوق، بار نەرسە زامان
قىرغاۋۇلمۇ بىزمۇ هامان
باشقا نەرسە
ۋاقىت ئۆزگەرسە.

2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.



# ئىككى مۈشۈكلۈك جۇۋان

1

كىردى ئۆيگە ئۇ،
ئەينەكتە قۇپقۇرۇق يەنە بىر ئايال
ياشار تۇنجۇقۇپ بېشىغىچە سۇ.
تاشار چۆگۈن ۋاراقلاپ قايناپ
خۇشياقماستىن چاي دەملەيدۇ ئۇ.
تېگەر قوللىرى تامغا، شىرەگە
گىلەم ئۆلۈك ئەرنىڭ تېرىسى.
يالاپ ئايالنىڭ پۇت بارمىقىنى
سۈركەلمەكتە «تاش» ئاتلىق بىرسى،
بىراق «تاش» بىر مۈشۈكنىڭ ئىسمى.
ئىككىنچى مۈشۈك مىياۋلايدۇ
جۇغۇلداپ كەتتى ئايالنىڭ جىسمى.
تەنهالىقنىڭ ئىسمى —
ئۇنىڭ مۇزدەك پۇتلىرى ئارا
ھەر ئاخشىمى ئېچىلغان غۇنچە.
يىراقلاشتى ئۇ بارا - بارا
ئەرلەردىن ۋە ئۆزىدىن شۇنچە.

2

قاراقچىنىڭ ئېتىدىن
بېلىقلارنىڭ مەخپىيىتىدىن
شەبنەملىك گۈل قېتىدىن

ئارتۇچ ياغىچىغا يۆلىنىپ،
يىلتىزىدا ئاي.

هاي، باللار هاي!
روھىڭلاردىن ئېلىڭلار جاي
كۆك گۇمبەزنىڭ ئاستىدا بۇ كەچ
ئىبادەتكە لايىق بولغان يېڭى كەچ.

چىقتىم جاندىن
ئاستا ـ ئاستا
ئاستا ـ ئاستا،
ئاندىن
يۇلتۇزلارنى ئۆچۈرۈپ
ئاچتىم تېنىڭنىڭ بىر بېتىنى
ھەر كۈندىكى يېڭى بېتىنى.

2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.



ئايالنىڭ نىقابى ئەينەك،
سۆندى چوكان قىرلىق تاشتا.

2004 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.



قاغا جىگدە چېچېكىدىن
يۇگىلۇق كېچىدە
قۇتراۋاتقان ئەرنىڭ تېنىدىن
قايتىپ كەلدى ئۇنىڭ ياشلىقى
ئىككى مۇشۇكنى ئەگەشتۇرۇپ.

3

بىز ئاللاغا يۈزلىنىپ
تېتىيمىز ئېرىۋاتقان
تۇرمۇشنىڭ تۇزىنى.
بىز ئىزدەيمىز قۇم دېڭىزىدا
خىرە - شىرە چاقناپ ياتقان
قۇم خەلقىنىڭ يۇلتۇزىنى.
ئىزدەپ ئايال كۆردى ئۆزىنى
ھېچكىم، ھېچنېمە يوق
قۇپقۇرۇق ھاياتتا،
قۇپقۇرۇق كارىۋاتتا
چىشلىرى گۈزەل چاشقانلار
چىشلىدى ئۇنىڭ تېنىنى،
ئۇ كولايدۇ غېرىبلىقىنى.

4

ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتى،
لېكىن كۆڭلى بولمىدى خوش.
ۋاقىت ئۆتەر غېرىب، ئاستا
گۈگۈم چۈشتى تۆشۈكى بوش.
بىر مۇشۈك يىغلىدى باشتا،
ئاندىن،

لېكىن ھەر قېتىم يېتىپ بارغاندا
ئەمەسلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.
بىز ئۈزگەن گۈل گۈل ئەمەس ياپراق،
بىز تۇتقان نۇر نۇر ئەمەس چاقماق،
بىز كۆرگەن چۈش تەتۈر رېئاللىق،
قارغىش گويا بىز قىلغان دۇئا.
بىز ماڭغان يەر — دۇتارنىڭ ئىچى،
بىز كۆمگەن ئەر — جىمجىت مۇزىكا.
ئىچكىنىمىز سۇدىن قىزىل سۇ،
يىگىنە مىختەك بىز تىنغان ھاۋا.
يىراق ھەم يات ھەممە نېمىمىز،
پارچە - پارچە روھ ۋە تېنىمىز.
تاپقىنىمىز پۇل ئەمەس قەغەز،
كېسەك ئالتۇن يوقاتقىنىمىز.
بىز توردا، كۆزلەر بىلەن قورشالغان.
بىز نۇردا، تار رۇجەكتىن قىيسايغان.
بىز يامغۇردا سان - ساناقسىز بەتلەنگەن.
بىز سۇدا،
ۋارقىراساق ئاۋازىمىز قۇدۇقتا
غېرىبلىققا سوقۇلىمىز تاشلاردەك.
بىلىمىز
خۇددى شەيتاندەك،
كۆرىمىز بىر كۆزلۈك كۇندەك.
ئاڭلىنىمىز بوغۇق بىر ئۈندەك.
خۇدۇكسىرەيمىز ھەممە نېمىدىن،
تەمتىرەيمىز ياقا يۇرتلۇقتەك.
تۇسۇلىمىز ھەربىر دوقمۇشتا
بىز زېمىندا تەنھا ھۇقۇشتەك.

# مازار يۈتكەش

( داستان )

*ھەممە ئادەم ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر...*

— «قۇرئان كەرىم» دىن

## 1. ئىشتىن چۈشۈش

ئىسلاشقان قار
بىر پارچە بوش يەردە
دۈۋەت چېچىلغان تارىخ بېتىدەك.
زامانلار ئارىسىدا قىزغۇچ پەردە
گۈگۈم چۈشمەكتە گۇل قېتىدەك.
يۈزلىرىمىزنى باسىدۇ ھاۋا
كۆپۈنكى ئەينەكتەك كوچىلاردا
تېيىلىپ كېتىمىز ئىچىمىزگە.
كېچە قاغا قاناتلىرىدەك
يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ بىزگە.
بىز گويا كەچكۈزدە ئېتىزدىكى
قورشاۋدا قالغان ياڭاق دەرىخى.
ئىشكىنى ئېچىپ ھەربىر پەسىلنىڭ،
ئىشكىنى ئېچىپ تار كوچىلارنىڭ،
ئىشكىنى ئېچىپ مۇمكىنسىزلىكنىڭ،
كىشىلەر توپىغا كىرىپ كېتىمىز.

يېڭى شەھەر چىقىرار قانات...
مەغلۇپ بولغان كۆك تېرەكلەردە
ئىس - تۈتەكلەر ئاخشامقى پەردە،
جان تىترەيدۇ سېمونت يەردە،
تاپالمايمىز يىلتىزىمىزنى
زىنىنەتلەنگەن تاش شەھەرلەردە.
كۆز ئەينەكلىك بىنالارغا بىز
ئېزىپ كىرىپ قالغان بىر ئادەم.
ئەرلەر مەرمەر، ئاياللار مەرمەر،
بىز گوياكى قاسماق، كىر ئادەم.
يورۇقلۇقنى كۆرمەس كۆزىمىز،
تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئۆزىمىز.
ئۈستەڭدىكى شوخ ناۋا قېنى؟
تۈرۈبىلاردا ئۆلۈك سۆزىمىز.
ئوت قالمىدى ئادەملەردە، يار،
كاۋابداندا بىر زىخ يۈرەك بار
ئەمدى ئۇنى يەيلى ئۆزىمىز.
ئادەم يوقمۇ؟ قورغاندا كىم بار؟
گۆھىرىنى يوقاتقان قىزلار،
ھەممە يىلپىز تېرىسىدەك ئەر.
قېچىپ چىقار ئوت - چۆپ، دەرەخلەر
تومۇرلىرى تارتىشقان شەھەر...

باشلاندى كۈندۈز
بىنا بىلەن يۈلتۇزسىز قار ئارىسىدا،
كەتكەن ئادەم بىلەن كۈتكەن يار ئارىسىدا،
يېشىل باشاقلار بىلەن شامال ئارىسىدا،
ئەرەنچە لىباس ۋە ئايال ئارىسىدا،

قاراسلاپ سۇنۇۋاتقان توغراقلارنىڭ
تاراسلاپ چۇشۇۋاتقان يامغۇرلارنىڭ
چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاي ـ يىللارنىڭ
ئاۋازى كېلىدۇ تېنىمىزدىن...

ئىشتىن چۇشۇشكە تېخى ۋاقىت بار.

سىمتاناپتا قار
تاڭ شېئىرلىرىدەك
تىمتاس، ئېغىر.
كوچىلار ئىچى تاش،
پەشتاقلار يېغىر.

توغراق ياكى بوۋاقلار
تۇغۇلسا بۇ زېمىنغا بېزەك.
ئەللەيلەر ئانا مۇڭلۇق ئاۋازدا
قەدىمىي ئاھاڭدىن تىزىپ گۈل ـ چېچەك.
ئەللەيلەيدۇ قۇم قوللىرى ۋاقىتنىڭ
يېڭى شامال، سۇ، سۇ تالىشىش
ئۇزۇك بوستانلار، كونا بازار.
سۇزۇك بوشلۇقتا مەسچىد مۇنارى
كەپتەر كۆكسىدەك كۆك تاڭلار.
ئۇلغىيىدۇ ئاستا ـ ئاستا
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، خۇرسىنىش، ناخشا،
توپا ـ چاڭدا جۇشقۇن بىر هايات.
قۇرۇۋاتقان هۆل ئەسلىمىلەر
تېڭىقلىرى ۋاقىتنىڭ قات ـ قات.
قۇلىقىدىن قەدىم يۇرتلارنىڭ

بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردى.
تىزى بارلارنى تىزلاندۇردى.
ئاق ئاتنىڭ تۇيىقى تەگمىگەن دېڭىزدىن بۆلەك يەر
قالمىدى
خاقانغا باش ئەگمىگەن كوھىقاپتىن ئۆزگە شەھەر
قالمىدى.
ئاندىن يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:
مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان
قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.
مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى،
مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك...

بولۇشۇم كېرەك
ئىشخانىدا،
ئىشتىن چۈشۈشكە ئون بەش مىنۇت بار.
كىتابتىن بىر گۇل ئۈزدۇم ئاستىلا،
چەكمەكتە ھارغىنلىق، مەن ئاۋازسىز تار.
ئىشتىن چۈشۈشكە ئون تۆت مىنۇت بار.
تامنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن
ھەسرەتلىك، قارامتۇل دېرىزىدە قار.
بىز يالغاندىن ياشاۋاتقاندەك.
بىز زورىغا سالغاندەك قۇلاق.
مىنۇتلارنىڭ قۇملۇقىدا مەن
بۇلدۇقلايدۇ ئىچىمدە بۇلاق.

ئىشتىن چۈشۈشكە ئون بىر مىنۇت بار.

راھەت خىزمەت بىلەن ئىزا ئارىسىدا،
ئەتىگەنلىك، كەچلىك غىزا ئارىسىدا.

قىزغۇچ رىم
يېپىلدى كەچكى شەپەقتەك
سىپارتاكنىڭ يارىسىدا.

ئىشتىن چۈشۈشكە تېخى ۋاقىت بار.

شەھەر قوۋۇقى يېپىلدى،
سوۋۇتۇلغان جەڭ ئاتلىرىنىڭ
دۈمبىسىدە تەر يۇلتۇزلىرى.
كۆك يۇلتۇزلار قاراڭغۇ باغدا
تام ئۈستىدە ئۈزۈمنىڭ ئىزى،
قايتار ئايال قۇدۇق بېشىدىن
قولىدىكى ياغاچ سوغىدا
چايقىلىدۇ ئەزان ئاۋازى.
جىن چىراغلار ئۆچتى لەۋسىمان،
قىزنىڭ قولى چۈشتى پەرسىمان،
ئەر سۆڭىكى چاقنار زەرسىمان.
زەر قۇملۇقنىڭ ئىشكىدە ئاي.

ئاي چىقتى.
خاقان چىدىردىن چىقتى.
كۈمۈش ئىگەرلىك ئاق ئاتقا مىندى.
قوشۇن ئاتلاندى، ئاتلار قاناتلاندى.
ياۋنى تىترەك باستى،
پىتىراپ قاچتى.

## 3. بازاردىكى ئادەملەر مازاردا

(1)

رەمبال
چىچىپ بىر ئۈچ قوناقنى يەرگە
ئۆچتى رەڭگى، چۆمۈلدى تەرگە،
كۆچتى بىر توپ يۇلتۇز ئورنىدىن.

ئۇركۇگەن ئات
كېسىپ ئۆتتى بازارنى ھەيھات،
ئاقار يۇلتۇزدەك قۇيرۇقى بىلەن.

قوغلاپ ماڭدى بىر توپ ياساۋۇل
پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن.

ھەر تەرەپكە قاچار ئادەملەر
ئۇلا پىيى ئۇچار ئاسماندا.
ئات تۇيىقى خۇددى گال شەمشەر
يەر چىشلىدى ھاڭۋاقتى زەرگەر
قۇش بازىرىغا ئاز قالغاندا.

پۇچۇق ھېجىردا شورىماقتا مۇز
دوغچىغا كەينىچە ئولتۇرۇپ باجگىر.
ياساۋۇللار ئۈستى غالتەككە
ماڭدى دوغاپنى پىتىقلاپ ئايغىر.

ئەيسا پەيغەمبەردەك
ئېسىلىپ تۇرغان تام سائىتى.
مەڭگۈلۈك بىر مەنە ئىزدەيمىز
چەكسىز بوشلۇققا ئېسىلغان پېتى.

يېرىم ئارالدىن ئۆرلىگەن ھىلال
يورۇتماقتا قۇملۇقنى ئاستا.
مۇڭلۇق ئەزان ياڭراپ ئىچىمدىن
رەسۇلۇللا نۇر چېچىپ بىردىن
سۆزلىمەكتە سۇ بولغان تاشتا.
ئالەم مېۋىسى — بىر كىچىك شاختا،
ئادەم — ئىگىسى ئېيتقان بىر ناخشا...

## 2. مازار يۆتكەش ئۇقتۇرۇشى

گۈلساي زەرەتگاھلىقىغا دەپىن قىلىنغانلارنىڭ ئائىلە تاۋا-بىئاتلىرىغا:

شەھىرىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى كېڭەيتىپ سېلىش ئۈچۈن شە-ھەر مەركىزىگە جايلىشىپ قالغان گۈلساي قەبرىستانلىقىنى يۆتكىمەكچى. مۇناسىۋەتلىك ئاھالىلارنىڭ مېيىت سۆڭەكلىرىنى ئەكىتىۋېلىش ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ بىر ئاي مۆھلەت بېرىلدى.

شەھەرلىك مەمۇرىيەت ئىشخانىسىدىن

— سۆڭەكلىرىمىزنى كولاپ
ئەكېتەيلى ياخشىسى.

بىز تۇپراقنىڭ ناخشىسى.

(2)

بىر توپ ئادەم بىكەتتە
ساقلار كوچا ئاپتوبۇسىنى.
كۈندىكىگە ئوخشاش بىر كەچتە
ھەيدەپ كەلدى ئەزرائىل ئۈنى.

(3)

كاككۇك سايرىدى،
قوغۇن چېچەكلەپ
خۇشپۇراق شامال ئۆپمەكتە يەرنى.
خوجانىياز قوشۇن يېتەكلەپ
قاغىلىق بازىرىغا كىرىپ كەلدى.
ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ شارقىراشلىرى
ھۆپپەكرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى
قىلىچ - مىلتىقنىڭ پارقىراشلىرى
قالدى ئېسىدە
قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ.
ئەتىسى سەھەردە
قوزغىلاڭچىلار ماڭدى جىمىدە.

ماڭدى جىمىدە قاتار قارىياغاچ
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆز پەسلىگە،
يىل بىر مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە.
يەنە نەچچە يىل بولۇپ زەردە گۆش
خوجىنىياز ھاجىم كۆردى چۈش
گۈلساي مازىرىغا يېقىن يەردە.

توقاچ سىتىپ ئۆلتۈرگەن روپاچ
ھەيران قالدى بۇ نىمە قاچ ـ قاچ؟

ئات قۇيرۇقى تەگدى قامچىدەك
كۇلالچىنىڭ يۈزى قان ـ چىچەك.

قۇرۇق سىغىز لاي، چاڭ شارقىراتما
سۇنغان كۇپلەرنىڭ گىلرەك ئاۋازى.

چىچىلغان گىلاسلار كالاچ ئاستىدا
سەللىسىز قالدى ئۇشتۇمتۇت قازى.

پالچى سارى چىپىپ كىلەر ئات
تاقىسىدا ئەجەلنىڭ سازى.
قىزىلگۇل قۇسۇپ ئاغزىدىن قات ـ قات
پالچى بۇ ئۆلۈمدىن بولدى رازى.

ۋاي داد!
مىراخور دارغا ئىسىلدى.

ھەيھات،
توپىغا ئايلاندى پادشاھمۇ.

قىچىپ كەتتى ئات
شۇ قاچقانچە يەر ئاستىغا.

ھايات دىگەن شۇنداق تىلسىمات.

يۈز نەچچە يىل بۇرۇنقى پالچى
قانداق بىلسۇن ئاددى بىر رەمدە
بولۇۋاتقان ئىشنى بۇ كەمدە؟

شاللىقنىڭ ئاغزىدا سۇ،
يەر چىشلىدى ئۇ
شەھەر سىرتىغا چىققان كۈنى.

(6)

پەرۋاز قىلدى بىر ئادەم
ئاسمان يوق يەرگە.
ئېقىپ كەتتى بىر ئادەم
تېگى يوق كۆلگە.
كىرىپ قالدى بىر ئادەم
ئادەمسىز شەھەرگە.

(7)

خوش،
كاشا ساتقۇچى چار ساقال بوۋاي،
سەيشەنبە بازاردا چۈشتۈڭ يادىمغا.
قۇ ئالغىلى كەلسەم، كېتىپ قاپسەنغۇ؟
ئەگىشىپ كۆرۈنمەس خېرىدارىڭغا.

خوش،
سويمىسى باللارغا مۇتقا قوغۇنچى،
باللىقنىڭ تاتلىقى بار يۈرەكتە.
سەن يوق ئەمدى قوغۇن ساتقان دوقمۇشتا
ئۆزۈڭ پىشىپ، تۇرماي قاپسەن پىلەكتە.

(4)

كوچا سۇپسۇزۇك كۆرۈنمەس سۇ
لەپپەڭلەيدۇ سائەت مۇنارى.
تۇرۇپكىغا قول ئۇزاتتى ئۇ
ئۇرۇلدى مىڭ قىزنىڭ خۇش ئىپارى.
غىدىقلىغۇچى ئاۋازلار، رەڭلەر
ئۇنسىز چېكىلەر تەننىڭ زىلتارى.
بىلىقتەك پىلتىڭلاپ ماڭغان ئايالالار
هاياتلىق ئەركى، ئۆلۈمنىڭ يارى.
كۆكرىكى قوش دولقۇن، مېڭىشى شاراب.
شاپتۇل چېچىكىدەك توزۇماقتا ئەر
كوچا لىق سۇ ھەممىمىز خاراب.

ئەر ئاتالغان بىر دۆۋە لاي،
لاي كارىۋاتتا پارچە - پارچە ئاي...

(5)

تۇز، ئاقچا، تامدىكى قۇلاق.
ئادەم — يىلتىزى يوق دەرەخ،
يىلتىزىدا شىلدىرلار بۇلاق.

— تۇفى! بىزنى سېتىپسەن بەدبەخ...
جاسۇسلىقى ئېقىپ كەتتى ئۇنىڭ
كىشىلەر ئارىسىغا.

خوش،
مىڭلاپ خېرىدارغا دوپپا تاللىشىپ
كۆزىگە سىغقان بىر بۆكنى تاللىشىپ
يۈز قېتىم تۇتۇپ يۈز باھا تاللىشىپ
بىر كېيىش نىسىپ بولمىغان بېدىك.

خوش،
بازار باشلىنىشىدىن قېلىپ ئەتىسى
مېڭە قان تومۇرى يېرىلغان كىشى.

خوش،
چوغدەك گىلەملىرى تۈرۈپ دۇكاندا
ياتقۇچى داق يەردە، زۇلمەت تۆت تامدا.

كۆرمەستە مازار، ئادەملەر ئازار.
ھەممىمىزنى كۈتەر خالايىق
يەر ئاستىدا تىمتاس بىر بازار.

## 4. مازاردىكى ئادەملەر بازاردا

(1)

كاككۇك سايرىدى،
قۇم چېچەكلەيدۇ.
خوجىنىياز ھاجىم ئوردىسىدا جىم
تارلىرى ئۈزۈلگەن يامغۇرنى چالماقتا،
لاي ئەسكەرلەر ئارام ئالماقتا...

خوش، مال بازىرىدا قوتاز ئۇسۇپ
قارنى بۆسۈلگەن قارا كۆز يۇسۇپ.

خوش، قورسىقى تومپىيىپ قېلىپ
چاشقان دورىسىدا ئۆلۈۋالغان قىز.

خوش، سېرىكنى كۆرگىلى كېلىپ
قىستا ـ قىستاڭدا جان ئۈزگەن بوۋاي.

خوش، دارۋاز يىگىت
قوم ياغقان كۈنى دارۋازلىق قىلىپ
چۈشتۈك ئارغامچىدىن پەرۋاز قىلىپ.

خوش،
قىزىل تۆگىلىك يارىيار هارۋا،
چاق ئاستىدا قالغان بىتەلەي بالا.

خوش،
يامغۇردا ئاتقىلى يالاپ مېڭىلغان
دىۋىدەك بەستى بار، قاشلىق، بۇرۇتلۇق
بالا ۋاقتىمدىكى مەغرۇر يۇرتلۇق.

خوش،
بىر پوتا يامبۇنى ئۇتۇپ
ئاتلىق كېتىۋاتسا ناسىۋال يۇتۇپ
ئانىسىنىڭ قارغىشى تۇتۇپ
ئايدىڭكۆلدە بېشىنى يېگەن
توختەك دېگەن
قىمارۋاز...

(3)

يورۇپ كەتتى كېپەنلىك ئادەم
قەبرە يۆتكەش ماشىنىسىدا.

كۆچمەيمىز!
ئەرۋاھلار قىلماقتا نىدا.

مىدىرلايدۇ شامالدا
قورۇپ كەتكەن قولى يۇلغۇننىڭ
ئاق كېپەندەك يىرتىلدى تۇمان.

بازاردىكى كىشىلەر تىرىلمىدى
مازاردىكى يۇلغۇندىن چىقتى قان.

(4)

زاراتلىققا سالدى ئىمارەت
بىللە ياشايمىز ئۆلۈك، تىرىكلەر.

ئۇشتۇمتۇت يات بىر ھىد ئايالدىن، ئەردىن
نەرسەڭنى تاپالمايسەن قويغان يەردىن،
كۆزۈڭگە قىز كۆرۈنەر ئاق مەرمەردىن.

كىمدۇر ئۇ ئادەمسىز پەلەمپەيدىن
سايىدەك شەپىسىز چىقىپ — چۈشكەن؟

بۇ بىردىنبىر ئامالدەك.

توزۇۋاتقان بارماقلارنىڭ ئىگىسى
شامالدەك.
يەردىكى توپا تورۇس بىلەن تەڭ
دېرىزە يېپىق، تەخت توپارەڭ.

مازار بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىدا
ئەرۋاھلار قورقۇپ چىقالماس لېكىن.

ئوق يۇلتۇزلىرى تولغان كەڭ زېمىن،
داكىدەك نېپىز ئۇپۇق بىلەن
تېڭىپ قويۇلغان يېزا - بازارلار.
قېچىشقا باشلىدى ئەڭ ئاخىرىدا
ئۆلۈكلەرنى تاشلاپ مازارلار...

ئۆلۈش — مەڭگۈلۈك ياشاش ئۈچۈن،
خوجانىياز
چېكىنىپ چىقتى شەھەردىن.

(2)

كولىنىشقا باشلىدى تۇپراق بېشى،
ئۆلۈك بوۋاقلار چىقتى ئۆمىلەپ،
يېنىدا يوق غەمخانە كىشى.
ماڭدى ئېڭەڭلەپ
سۇپىر ماركىتقا
ئوغۇز سۈت ئىزدەپ.

ھەي بۇ
ئادەممۇ، ئەرۋاھ؟

(5)

قېرى سۆگەتتىن باشلاپ كەچ كىردى،
بىرىنچى قەۋەتتىكى بويتاق قىز بالا
كۆزۈڭنى ئېچىپ ھەي، رۇجەككە قارا،
ئىككى جىن پەردىگە تۇرار چاپلىشىپ
زاۋالدىن باشلاپ قەبرىستان تالا.

(6)

قەشقەر —
تېرەكتىكى شەھەر،
سايىسىدا بىر تۇرغان قەشقەر.

بودەك چوكاننىڭ ئالدىدا زەرگەر
سەرلىمەكتە ئالتۇن زەنجىرنى.
چوغدانغا سېلىپ، قىزىتىپ ئېلىپ
سوغ سۇغا سالدى، سۇدا زەر قالدى.

گىژىلدار چىۋىن، قارا، يېشىل باش
گۆش چانىماقتا شاپ بۇرۇت قاساپ.
پاخلان دەپ ساتتى ئۆچكە گۆشىنى
گۆش ئالغۇچىمۇ ئىدى بىر كاززاپ.

يېنىمدا تېلىۋىزور كۆرۈۋاتقان
مەن ئەمەس قارىسام، قارىمىسام.

سۆزلىشىشىمەن بىر كىشى باردەك
ئۆزۈڭ بىلەن ياكى تام بىلەن.

يورۇقتا ۋە قاراڭغۇدا بىز
ئاتىلىمىز ئايرىم نام بىلەن.

ھەي بۇ،
ئەرۋاھمۇ، ئادەم؟

ئىشتىن چۈشتى.
ئاپتوبۇسقا چىقتى.
يارى بىلەن سۆيۈشتى.
يىغلىدى، كۈلۈشتى.
ئىبادەت قىلدى.
ياشىدى.
ياشىيالمىدى.
سوراق قىلىندى،
مازاردىكىلەر...
بېرىپ،
كېلەر.
بېرىپ،
كېلەر،
بىنادىكىلەر.

سەككىز ئايلىق بولغان بىر بوۋاق
ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا
قورقۇنچتىن كەتتى تىپىرلاپ.

چىقتى سوتتىن بىر يېشىل ئۆلۈك.

ئۈچ كۆزلۈك بوۋاق دۇنياغا كەلدى.

تىكلەندى بازارنىڭ كىندىكىگە
پاھىشىنىڭ ئالتۇن ھەيكىلى.

كەتتى ئوغلى
دادىسىنىڭ جەسىتىنى
تۆت كوچىغا تاشلاپ قويۇپ.
بىنالاردىن ئۇچۇپ چۈشكەن قاغىلار
يېمەكتە ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ.

كىلون ئادەم تەختكە چىقتى.

ئۆپكىسى يوق بېلىق ماي يولدا چاپماقتا،
بىر ئەمچەكلىك قۇشناچىم شولا چاچماقتا.

مىراخور ئۆلمىدى.
ئات قايتىپ كەلدى.

ھەسەل يۇقى ھەسەلچى قولى،
كوزىلارغا شىكەر قوشۇپ ئۇ
ساپ ھەسەل دەپ ساتار بۇ ئىشنىڭ يولى.

ياش يۇمغاقسۇتنى سىسقى بىلەن
بىر باغلاپ ساتار كۆكتاتچى لىۋەن.

بىر پۇتى تىڭىق دىۋانە دەيدۇ،
زەرداردەك كىيىپ، ئاقسىماي بىرىپ
بەزمىخانىدا كەچتە گۆش يەيدۇ.

سەكسەن خالتا
چۇچۇك بۇيا جىڭلاپ بەرمەكتە
تارازىسىنىڭ تەڭشىكى خاتا.

قولىدا كىتاب، يۈزىدە نىقاب،
بىر زات بىزلەرگە قىلماقتا خىتاب.
ئاندىن يۈزلەندى بىر قارا توپقا
يۈزلىرىدە باشقا بىر نىقاب.

كۆزلىرى قىزارغان ئىككى ياش بالا
كۆۋرۈك ئاستىدا ئاق چىكەر راسا.

قارا داۋزىغا ماڭدى بىر كىشى
ئايغاقچىلىق، قەست قىلىش ئىشى.

كۆزى يورۇغان دەرەختىكى قۇش، سىمتاناب تۇۋرۇكىدە ساي-
رايدۇ بىھۇش، ئەينەكتە ۋە گۈڭگۈرتلەردە بىز.
نامازشامگۇل ئېچىلدى، پۇۋلەپ بەرگىدىن يۇلتۇزلارنى
لاي تېمىدا كەڭ ھويلىلارنىڭ.
چېقىلىش ئالدىدا تۇرغان ھويلا - باغلىق كەڭ ئۆيلەردە
بىز، ئاشكارە ۋە قورققان پېتى.
نەچچە يۈز يىللىق قەدىمىي ئۆيلەر، ئوردىغا تۇتاشقان تار
كوچىلار، بۇ شەھەرنىڭ ئۆتمۈشى، جاراھىتى.
ئاھ ئىسسىق جاراھەت، بىز تۆرەلگەن، بىز تەلپۈنگەن
بىز كىرگەن پاك جاراھەت.
تېرىلەردە ئۇيۇپ قالغان قان ھۇزۇرى، كەڭ كوچىلاردا
قاتتىق ئاي نۇرى، شېشىمىزگە كىرىپ ئۇخلايلى.
بەزمىخانىدىكى 13 ياشلىق، قىزىل چاچلىق قىز، رەسىدە
بولماقتا تېز، شېشىلەردە،
ھوسۇلسىز بۇغدايلىقتەك كېچىلەردە بىز.
پەرىشتىلەر كەتتى، ئۆمىلەپ قوپتۇق، قۇياشىمىز خوراز
تاجىدا، گۆھىرىمىز ئەمىر - مەرۋپ قىلغۇچىنىڭ ئاغزىدا،
چۈنكى بۇ قۇرئان ۋاراقلىرىدەك ئۇلۇغۋار دەملەر.
ئەي قىلىچسىز ئەر، جېنىڭ دەريادىكى ئوتقا زەنجىر-
بەنت، سۈنىڭ قەتلى قىلىشىدىن قورقامسەن؟
ئەي جالالات خېنىم، سىېسىق جېنىم، جېنىمنى ئال،
ئاشىقلىقنى، ئىمانىنى سال.
ئىچىمىزدە بىر قورقۇنچ بار، ئىشقا ماغىمىز، شىلەپە
ئاستى قۇپقۇرۇق، ئەي يار.
ئىچىمىزدە بىر قورقۇنچ بار، بوغۇزلانغان تۆگىدەك ئۇركۈپ

پادىشاھ ھاڭ - تاڭ بولۇپ مۆنەججىمنى چاقىردى.
تېرە كىتابنى ئېچىپ ئوقۇغانسېرى مۆنەججىمنىڭ چىرا-
يىدا قان قالمىدى.
ئاسمان بۇرجىدىكى يۇلتۇزلارغا نەزەر تاشلاپ پۈت - قو-
لىدا جان قالمىدى.
— نېمە بولسا ئېيتقۇر، — دەپ ئەمر قىلدى پادىشاھ
زەئىپ ئاۋازدا.
— خەۋپ - خەتەر قىل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، يەر يۈزىدە
ئادەمزات قالمايدىكەن...

قەشقەر —
سامادىكى شەھەر،
بىز ماڭغان كوچا —
ئالەمدىكى يول.

(7)

تاش، تاشتىن بۇرۇنقى تاش. توپا توپىدىن بۇرۇنقى ئادەم.
ئۆلمىدى دادام، ئىشىكنى ئېچىپ، كەتتى باشقا ئۆيگە، باشقا
يۇلتۇزغا.
ھەر سەھەردە جەينامازدا مەن روھىغا ئاتاپ قىلىمەن دۇئا.
قوۋزاقلىرى سويۇلغان بىر ئىسمىنىڭ سايىسىدا بىز، ئۆزد-
مىزنى ئىزدەيمىز.
يىلتىزسىز، لىباسسىز ئاق تېرەكلەر قاچماقتا سېمونت
يوللاردا كۆرۈنمەس ئىز.

شەھەر سېپىلى چېقىلدى ئېگىمىزدىكى، يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئۆلۈم، كۆزدىكى دەرەخ قۇشلارنىڭ ئالتۇن شارقىراتمىسى.

شەھەر سېپىلى چېقىلدى تېنىمىزدىكى، ۋاقىت دارغا ئاسماقتا، سۇيۇقلانغان غېرىبلىق.

سېپىل يوق ئەر - ئايالـلار ئارا، قوپـقۇسـى ئەمدى ئىشتان - كۆڭلەكسىز، يۈزلىرى قارا.

ياڭرىدى ئەزان، مەخلۇقاتقا تولغان زور مەيدان، تاغلار ئېرىپ سۇدەك تۈز بولدى، تارام - تارام شولىلار تاراپ.

ھېچنەرسىدە قالمىدى سىر، ھازىر، ئۆتمۈش، كەلگۈسى بىر، يۈزلىنىمىز ساڭا ئەي، بىر!

## 5. ئالەمدىكى ئادەم

كىچىدىكى ئالەم —
يۇلتۇزلارنىڭ مازىرى،
كۈندۈزدىكى ئادەم —
قەبرىسىنى يۇدۇپ يۈرگەن يۇلتۇز.
ھەممە نەرسە ۋاقىت تورىدا،
يوق بار بولىدۇ، چاقنايدۇ،
چاقنىغان نەرسىلەر ئۆچىدۇ.
ئادەم چەكسىز، ئالەم بىپايان
ئادەم ئۆلمەيدۇ، مازار كۆچىدۇ.

2004 - يىل 2 -، 3 - ئايلار.

قىزىل جاملاردىن، چىقىپ كەتسەك بولاتتى، تالادىن ۋە تاملار-
دىن.

ئەي سېيىت نوچى، نوچى قالمىدى بۇ شەھەردە، ھەممى-
سى ساۋاتلىق، سومباتلىق، نامەرد؛ ۋەھالەنكى قوللىرىدا سەن
ئامبالغا ئېلىپ بارغان خەت.

ئەي زاماننىڭ دەرۋىشلىرى، تېرىمىزنى سىلىۋېتىدىغان
پەيت كەلدى كولاھ ـ جەندىدەك.

ئەي ئاقىللار، ئەمدى ساراڭ بولىدىغان پەيت كەلدى،
كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، مۇنبەرلەردە جوقىرىتىپ سىيىپ، بار-
چە بىلىمنى تاشلاپ گەندىدەك.

ئەرۋاھلار شەھىرىدە مەنىسىز ئايلانغۇچى مەن، ئەنجۇر،
چېۋىن پوقى، زومرەتتەك چۈشتىن كېيىن.

ئېشەككە مىنگەن بوۋاي، ئاق ئاتلىق ئەرۋاھ، زېرىكىش-
لىك، ئاستا ياز.

پۇرايمەن نەم ھاۋانى دېرىزىدىن، يامغۇرغا مىنىپ كېتى-
ۋاتقان ياز.

توپ ـ توپ قىزغۇچ قارلىغاچلار ئۇچۇپ كىردى تاڭ
پەردىسىدىن، ئۆلۈكلەر ئورنىدىن تۇردى، ئۆي ـ ئۆيلەردە.

سوپسوزۇك ياۋاشلىق ـ سونىڭ ئەتىگەنلىك ئۆلۈمى، ئۆ-
لۈكلەر يۈزىنى يۇدى، ئۆي ـ ئۆيلەردە.

ئاي تۇغدى، ئەگىم قىلىچ باش ئۈستىمىزدە، شەھەر
ئۆلۈكلەرگە تولۇپ كەتكەن. جەسەتلەر ئارا ئۆمىلەپ يۈرگەن
ئاشىقلار ۋە بوۋاقلار.

كارىۋاتلاردا چالا ئۆلۈكلەر، قىسمەت غەيىب، ھېكمەت
غەيىپ، ھاراقكەشلەر ۋە تەقۋادارلار بىدار ئولتۇرغان.

# كورلىلىق چوكان

باشلاپ كەلدىڭ بەڭباش يامغۇرنى
يالقۇنلايدۇ يامغۇردا نەپرەت.
تۇرمۇشۇڭدىن ئىزدەيسەن نۇرنى،
سۆزلىرىڭدە چوڭقۇر تۇن پەقەت،
كۆزلىرىڭدە قاپقارا ھەسرەت.

كورلا ئەمەس كوھىقاپ ئىكەن،
دەرتلىرىڭدە نەشپۈت چېچەكى.
ئەردىنمۇ بەك يىلپىزسەن بەزەن،
ئايالىلقنىڭ بولمايدۇ چېكى.

ھاياتىمىز سازدۇر ئەسلىدە،
بىز تەڭرىنىڭ سىرغىغان يېشى.
ھاياتىمىز قۇرۇق، بىمەززە،
چالمىسا گەر كېلىپ بىر كىشى.

ئىككى ئوغلۇڭ ئىككى تامچە سۇ
ھەركىم ياشار چاڭقاشتا پىنھان.
نەدىن كەلگەن ئۆچمەنلىكتۇ بۇ؟
ئادەملەرگە سەن نېمە قىلغان؟

# رابىيە ـ سەئىدىنىڭ تويى

رابىيەنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى،
رابىيەنىڭ موزاي كىرپىكى،
رابىيەنىڭ بېلىق كۆكرىكى،
سۇزۇلدى دەريادا تويدىن كېيىنكى.

سەئىدىن
ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قايتىدىن
دەلدەڭشىپ چىققانچە قاۋاقخانىدىن
بىر پاقا كەينىدىن قالدى كېتىپ.

رابىيە ئۆلمىسە بولاتتىكەن
توي دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىپ،
تەلۋەچۈك دەرياسى كەتسە ئېقىتىپ.

يېرىم كېچىدە،
لاي سۇ ئىچىدە،
ئولتۇرىدۇ رابىيە
بالىسىنى ئېمىتىپ.
ئېرى نەدە قالغاندۇ يېتىپ؟
يۈرىكى سۇ، ئىشىككە بېقىپ...

بەلكىم ئۇلار خاتا قىلغاندۇ
بۇ شېئىرىمدا مۇراتقا يېتىپ.

2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

# تاغلار

جەنۇبنىڭ كۆپچۈپ تۈرغان تومۇرلىرى
تۇم قارا گۈلدىنمۇ گۈزەل، ھەسرەتلىك.

قارا كۆچ ۋە قاراماي
ئاق تېرەكلەر مۇلايىم، رەتلىك.

تاغلار ئۇسسۇلى جەزبىدار
يولىمىزنى توستى ھەيۋەتلىك.

قوۋۇرغىسى دولقۇن ـ دولقۇن
ھاياجىنى قورام تاش.
مۇسكۇللىرى مۇزىكىلىق
شۇنچە ئېگىز قاغجىراش.

تاغلار، تاغلار يالىڭاچ.

بۇ دېڭىزنىڭ ئىسكىلىتىمۇ؟
چىڭ چاپلاشقان ئەر ـ ئايال تاش،
ئاۋۇ نوھنىڭ ئېتىمۇ؟
قانتىنى قىلىپ قىيپاش
باش كۆتۈرگەن تۆگىمۇ، قۇش؟
ئەي تىرىك تاش، ئەي تۆگە قۇش

گۈل بەرگىدىن چىقىپ بىر كەچتە
ئۈرۈمچىگە كەپتۇ بۇ چوكان.

※ ※

يولغا چىقتىڭ يوللىرىڭ غۇۋا
ياغار يامغۇر، سۈنماقتا ئاسمان.
نىيەت قىلغىن، قىلاي مەن دۇئا
كەچ قويغاننى ئاچ قويماس سۇبھان.

2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.



# دالا تامىقى

جۇمەدىن كېيىن،
توختىدى لەززىتى
ئاناردەك،
ئاللاغا يۈزلىنىشىنىڭ.
مەسچىدتىن پارقىراپ چىققان پېتى
كېتىپ قالدۇق كەينىدىن ئىشنىڭ.

كۈن
بىر تال ئېگىز ماماكاپتەك
پۆۋلەنمەكتە باش ئۈستىمىزگە.
تاغدىن شامال سوقىدۇ غۇر - غۇر،
تاغ باغرىدا غەمسىز، شوخ سۇغۇر
كۆرۈپ بىزنى قاچتى ئېگىزگە.
تاۋۇز بىلەن نان غاجاش هوزۇر
دۇنيا شۇنچە يەڭگىلدۇر بىزگە.

سۈدىنمۇ شاش تۈيغۇ
تۈزدىنمۇ چوڭقۇر ئايال.
ئەي ئالتۇنرەڭ بىپايان ئايال
تۆكۈلمەكچى تېنىمدىكى باشاقلار...

شامال سېرىق سۆگەتتە
شېئىر ئوقۇپ بەرمەكتە،

سېنىڭ مېڭىشلىرىڭ ئۇچۇش،
سېنىڭ سۈكۈتلىرىڭ ئىنكاس،
مېنىڭ ئاستا ھازىرىمدەك
مېنىڭ تەنھالىقىم ئوخشاش...

تاغلار ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى،
ئۇ كەلگەندە.
ئۇ كەلگەندە،
مۆجىزە يۈز بېرەر بىردەمدە.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.



# قۇتلۇق كۈن

ئېچىلىپ زېمىننىڭ ھاك دېرىزىسى
ئېتىلىپ چىققاندا تەنلەردىن بۇلاق،
ئالتە يىل بۇ كۈيگە سالدۇق بىز قۇلاق.

بەزى گۈل تاشلىدىم ئېتەكلىرىڭگە
بەزى كۈنلەردە بولدۇم يوپۇرماق.

ئىككى ئوغلىمىز بىر جۈپ ئاق كەپتەر
بۇقۇلداپ سايرار، يايرار قېشىمدا.
يامغۇر چېكىدۇ مېنىڭ تېنىمنى
نۇر بارماقلىرىڭ ئۈستىۋېشىمدا.
ياڭرار رىتىملىق سۆيگۈ ناخشىسى
چەينەكتە، قازاندا، يېگەن ئېشىمدا.

بۈگۈن
توي خاتىرە كۈن
يامغۇر ياغماقتا ئالتە يۇلتۇزدەك.
يەنىلا ئالتە يىل بۇرۇنقى قىزدەك
ئەركىلەپ ئىشىكنى ئاچقىنىڭ ئۈچۈن
ئېلىشىم كېرەك بولغىيدى سوۋغا.
كىرىپ كەلدىم مەن قۇرۇق قوللا
مۇھەببەتلىك پەپلەش بىلەن
بوشلۇقلىرىڭنى توشقۇزۇپ نۇرغا.

ئۇنى ئىنسان يازمىغان.
گۇللەر رەڭدار سۈرەتتە
ئۇنى ئىنسان سىزمىغان.

يېڭى ھەربىر يوپۇرماق.

بىزگە بەرگەن نەرسەڭ بىھېساب،
ئېتىكاپتا بىر ئۆمۈر تۇرساق
بېرەلەمدۇق بىر چاچقا ھېساب؟

ئوتلۇق گۇگۇمغا كىرمەكتە پىكاپ،
دالا تامىقى يەپ قايتتۇق ئۆيگە.
يېپىلغاندا يەر - كۆكتىن كىتاب
«شۈكرى لىللا» دەپ قايتتۇق ئۆيگە.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى.

# ئەلنىڭ تۇخۇمى

ئەلى
توخۇ ئەمەس،
قىرغاۋۇل ئەمەس،
تۆگە قۇش ئەمەس قۇملۇقتىن چىققان،
ئۇ جەنۇبتىكى قاناتلىق دېھقان.

ئەلنىڭ تۇخۇمى كەلدى يېتىپ
شېئىرنىڭ ھۆرمىتى، ئەتىۋارىغا،
تالاي يوللاردىن قوللاردىن ئۆتۈپ
بىنادىكى شائىر غارىغا.

دەرۋىش شائىر ئەما يىللاردا
يولدىن ئازىدۇ، شېئىر يازىدۇ.
تەنھا خەلقى ئوخشار يارىغا،
ئوخشار قۇرۇق ياغاچقا جىسمى
مىسرالار ئۇزۇك تەمبۇر تارىغا.

بىر دۆۋە ھەپتە،
بىر سېۋەت تۇخۇم،
ئۆشنەمدە بىر تاغار ھەسرەت
تالاغا قالمىدى زوقۇم.
كۆتۈرەلەيمەن مەنىسىزلىكنى
مەنە ئۇچۇن ئۇن - تىنسىز پەقەت.

بىر قېتىمدۇر بەلكىم كۆپ قېتىم
چىۋىن قانىتىدەك قالغان تەگىشىپ،
ئارقىدىنلا جۇپ قارلىغاچتەك
نىكاھ بېغىدا ئۇچقان ئەگىشىپ.
چۈنكى بىز تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇرلىرىدا
سۆيگۈنىڭ سەدەبتەك مەنىسى ئۈچۈن
ھەر كۈنى ئۆزىمىزنى قىلىمىز پىدا،
ھەر كۈنى ئۆزىمىزنى قىلىمىز پىدا...

ئاچسام بىر بەت،
دولقۇنلۇق ئاسمان،
مىسرا - مىسرا خەت يامغۇرغا باقسام.
دەرەخلەر گۈزەل نۇر زەنجىرىدە،
جەرەن كۆزىدە بۇ قۇتلۇق ئاخشام.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

تۇخۇمسىمان كېچىدىن چىقىپ،
شامالدەك چىقىپ،
مامكاپتەك تېپىرلاش.

سۇسىز سۆگەت قېشىدا
ئەجەللىك شىۋىرلاش.

بىر توخۇ قاچتى،
كەتمەنچىلەر قان چاچتى
سۇ تالىشىپ ئېچىق بېشىدا.

بىر توخۇ قاچتى.

دەرەخمۇ ئادەم؟
تۇخۇممۇ قۇياش؟
بوۋاقمۇ يا تاش؟

بىر تۇخۇم چېقىلدى،
شاكالدىن چوكۇلداپ چىقتى خوراز،
كۇلدى بىر بوۋاق بېشىدا كۇن تاج.

ئەي، هوسۇلسىز ئادەملەر،
ئۇنمەيدۇ سىلەر تېرىغان يەر،
تۇرمۇشۇڭلارنىڭ قالمىغان تۇزى،
دېرىزەڭلار ئايسىز، يۇلتۇزسىز
تېنىڭلارنىڭ ئۆچكەن يۇلتۇزى.
كور ياڭاقتەك هەر كۆركەم ئەرلەر،
شاكالدىن ياسالغان ۋال - ۋال شەهەرلەر...

قانغا بويىلار تاغ چوققىسى
كۈن رۇجەككە پۈتتۈۋاتقاندا،
ئەگمەچ كوچىدا ئاي شولىسى
ئەل ئايىقى بېسىققان،
تۇخۇمى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندا.

بىراق ئەلى
يىراق، قۇرغاق ھاۋادا ئەلى
خامان سورۇغاچ مۇنداق دەيدۇ:
شېئىر ئوقار ئادەملەرنىڭ سەرخىلى
شائىر ئىنسانلار ئۈچۈن غەم يەيدۇ...

ئۆتۈپ بارار ئۆمرۈم لاي سۇدەك
قەدىرسىز يىللاردا كۆردى ئۇ مېنى.
ئاندىن ئۆيمۇئۆي يىغدى تۇخۇم
يەرلىك تۇخۇنىڭ تۇخۇمىنى.

بىر توخۇ قاچتى،
ئالتۇنى قوڭىدا
بەرگىلى ئۇنىماي.
قاقىلداپ نۇر شولا چاچتى
تۇمشۇقىدا ئىلمەك ئاي.

بىر توخۇ قاچتى،
تال - باراڭلار ئارىسىدىن
ئەزان ئۇنى ئۆچكەندە،
دېھقان ئۇنىسىز كۆچكەندە
نېفىت چىقىپ ھويلىسىدىن.

# چش يۇدۇرۇش

چش ئاستىدا
كاۋاك مىنۇتلار
كۇنلەر ئۆتەر سۇنغاندەك سەدەپ.
چول تەگمەيدۇ ھەر يوغان ئىشقا،
ئاۋارە بىز كىچىك بىر چىشقا،
كېسىلىمىز كەتكەندەك ئەدەپ.

جېنىمىزدىن چېچىمىزغىچە
سەن ھەدىيە قىلىپسەن بىزگە،
بىلمەي قاپتۇق ساقلىقتا ھەجەپ.

چش دوختۇرى ئاق ئەتىرگۈل قىز
نۇرى چۇشۇپ چاقنايدۇ پولدا.
دۇپۇلدەيدۇ يۈرىكىم تېز - تېز
بىر مالائىك ئامبۇرى قولدا.

چىشلىرىمنى كۆرمەكتە بېقىپ
مەن گوياكى قۇل بازىرىدا،
نۇر زەنجىرى مەيدەمگە چۇشكەن.
ئورۇندۇقتا خۇشيېقىپ يېتىپ
مەدەنىي بىر جازانى كۇتكەن.

بىز بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ
ئۆزىمىزنى ئىزدەيمىز ھامان.
بىز بىر كۈنى چىقىپ تۇخۇمدىن
قانات قاقىمىز نۇرلۇق كۆك تامان.

تۇخۇمنى ئالدىم ئەلىنىڭ
ئۆزىنى كۆرمىدىم، سۆزىنى كۆردۈم،
بەلكى كىتابلاردىكى ئەلى.

ئۆزىنى كۆرمىدىم - يۇ، ئىشەندىم دىلدىن،
دۇنيانى مۆجىزە دەپ چۈشەندىم، بىلدىم
چۈشۈرمىدىم زىكرىنى تىلدىن.

※ ※

ئەلگە ئاتىغان شېئىر
تۈگەيدۇ مۇشۇ يەردە،
مىسرالار ئارىسىدا بىر دېرىزە بار
گۇگۇم چۈشمەكتە پەردە - پەردە.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.



## مۇناجات

نىرىپلىرىمدا مىليارد كۆزلەر
پەرىشتىلەرنىڭ.
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ سۆزلەر
ئەرشتىكىلەرنىڭ.
تاكى ھەربىر تىنىقىمغىچە
كۆزىتىلىمەن.
ياكى گۇناھنى ھېس قىلمىغۇچە
تۇزىتىلىمەن.
ھەربىر ھۇجەيرە بىر ئۇچى يالغۇز
ئادەمدىكى،
يەنە بىر ئۇچى چاقنىغان يۇلتۇز
ئالەمدىكى.
تۇتتۇم يات ئايالنىڭ بارمىقىنى
بارمۇ، قېنى؟
ئەرشتىن تارتتى شۇئان قارمىقىنى
يارمۇ مېنى
كۆردىكى تۇرغان پەيدەك لەيلەپ
يارىماس.
ئەمدى ئايال زاتى ھەۋەس ئەيلەپ
قارىماس.
بىز تېگى يوق سىرلىق بۇلاققا
ئوخشايمىز.
ئۆلۈم يەتكەن چاغدا قۇلاققا

بىز ئىنسانلار كۆنۈك بۇ ئىشقا
ئاستا، سىلىق، تەرتىپلىك، خۇرسەن
جاننى ئالسا تەگمەستىن چىشقا.

گىژىلدايدۇ چىش يۇغۇچ ئەسۋاب،
قىزنىڭ قولى ئاغرىتار يۇمشاق.
كۆكرەكلىرى تېگەر يۈزۈمگە
قىلالمايمەن بىراق مەن ئۇنداق...
يېتىپ بەردىم پەقەت ياغاچتەك
مانا تىرىك ياغاچ بىز شۇنداق.

شىلدىرلىغان خالاتمۇ، ياپراق؟
شاياتۇنمۇ، ھۆرمۇ بۇ قىزچاق؟
بولدى، جاننى ئالساڭچۇ پاتراق!

يىلتىزسىز گۈل،
مېڭىپ كەتتى مەرمەر ئۈستىدە
ئويغاق ياتقان شائىر چۈشىدە.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

# سۇ

بىنالار بىزنى يەپ بولاي دېدى
خىياللار ئۇچسۇن، قاناتلان، دوستۇم،
قېچىپ كېتەيلى ئىشتىن چۇشمەيلا.
قېچىپ كېتەيلى كۇتمەيلا
چاچلارنىڭ ئاقىرىشىنى،
ئۆلۈمنىڭ چاقىرىشىنى...

خىزمەت بىزنىڭ سۇ تۇرمىمىز
لۆمۈلدەپ، ئەنسىرەپ ئۆتەر ئۆمرىمىز.

كۆڭۈلدىكىدەك كۈن بولدى بۈگۈن،
ھاۋا ئوچۇق، ئىشخانا ئوچۇق.

قېچىپ مەن بىكارچى دوستلىرىم بىلەن
شەھەر سىرتىغا قاراپ يول ئالدۇق.
كۆڭۈلدىكىدەك كۈن بولدى بۈگۈن،
چېلىنغاندەك بۇرغىلار بىردىن
بىلگە خاقانىنىڭ ئاق چېدىرىدىن.

ئىس ئۆرلەيدۇ
كۆك يايلىق ئاتتەك،
قولىمىز گۆش ۋە قان پۇرىقى
ئەمدى بۆلار بىزگە ياتتەك.
سۆڭەك غاجايمىز ياۋاش ئولتۇرۇپ،

توختايمىز.
قىلىۋالدىم، ئېتىۋالدىم، تېتىۋالدىم
دېمە.
پارچىلانغاندا ھەر زەررىگىچە، كىم؟
نېمە؟
بىز ئىگە ئەمەس، ئىگە ئەمەس
ھېچنېمىگە.
ھەردەم، ھەر جايدا بولغىن پەخەس
باردۇر ئىگە.
دۇنيا مەۋجۇتلۇقى بىردەملىك خىيال
ياكى شەك.
ھايات مۇشۇنداق پىنھان ھەم رېئال
ئاخىرقى چەك.
تۆۋە قىلدىم، تۆۋە، مىڭ تۆۋە
بېسىپتۇ غەپلەت.
ئۆلۈكلەر ئۈستىدە دۆۋە - دۆۋە
تىرىك سەن ئەبەت.
تىنچ، مەڭگۈلۈك، يورۇق كۆڭۈل
لەززەتلىك دۇئا.
تاڭدىكى شەبنەم سەن، جەنىماز گۈل
قوشۇلغىن سۇغا.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

# چۈشتىن كېيىن

دېرىزىدە
شارقىراتما غېرىبلىق.

ياشىغۇم كېلىدۇ سۇ ئاستىدا،
قاچقۇم كېلىدۇ بېلىققا مىنىپ.

يول بويىدا گۈللەر مېھىرلىك،
ھەربىي ماشىنا، قارىياغاچ، كۆز.
كۆز شامىلى غىجەك چالماقتا،
ئۆزگەرمەكتە سان ـ ساناقسىز يۈز.

توخۇلار ئەخلەت ئۈستىدە تۇرغان
باش كۆتۈرمەي تاتىلايدۇ دان.
كۆتۈرۈلگەن بىر باش كۆرۈنمەس
ئالدىمغا ۋە كەينىمگە باقسام.

چۈشتىن كېيىن
ئۆچتى بىر چىۋىن،
چىۋىن قانىتى ئاستىدا
يېرىم كىلو گۆش سېتىۋالدىم.
ھەممە ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ،
ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇپ،
گۆشنىڭ مۇزىكىسىغا قۇلاق سالىمەن.

ياۋا گۈللەر جامىغا شەبنەم تولدۇرۇپ،
قارىغاي تاجىغا قۇياش قوندۇرۇپ،
قۇياش قەدەھىگە قان تولدۇرۇپ
سۇنماقتا.

ئىچمەيلى،
بىز خۇدادىن قورقايلى،
ئادەملەردىن قورقۇپ كەلدۇق بىز،
(ھايات مەنىسىز، ھالۋىمىز تەمسىز)
ئەمدى ياشاپ باقايلى غەمسىز.

قىزىل تۆگە، قىز تۆگە، سۇ ئامبىرى،
يېرىلغان دۇتاردەك يار قىرى،
بالىلىقتىكى چۆمۈلە ئىزى.
كۆكرەكلىرى پات - پات كۆتۈرۈلگەن
كۆڭلەكلىرى قات - قات سۇ قىزى.

سۇنىڭ
سايىسى
يوق.
سۇ ئەركىن،
قىلىچلىق،
سۆزلەيدۇ،
دۇئا قىلىدۇ،
ئۆز تىلىدا ئېيتىدۇ ناخشا.
چوڭقۇرلىرىدا لاي يوق، ھەسرەت يوق،
چېچەكلەيدۇ شامالدا ئاستا.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى.

# دېرىزە ئالدىدا

ئۆلۈك بوۋاقلارنى كۆمۈپ قويدۇق
دەرەخ كاۋىكىغا، سۇغا، هاۋاغا.
يۈتكەن شەھەرنىڭ ئادەملىرى قۇم
قۇملۇق تولغان نەغمە ـ ناۋاغا.
دېرىزىلەر تاشقا ئېچىلغان،
ئىشىكلەردە ئالتۇن قۇلۇپ يوق.
چەكسىز ئەلدە يوقتەك بىر كىشى
دانىشمەن يالغۇز يەيدۇ ئۆزى پوق.
كېزەر هاۋادا ئادەمسىز شامال،
ئېزەر كوچىدا ئادەمنى يىللار.
يۇمشاق يەرلەر سۇيى بار ئايال
قاتتىق ئەرلەر ئايلانغان تاشقا.
ئولتۇرۇپ جىم باقساڭ ئەگەردە
دەل ـ دەرەخ، چىم يېشىل سەپەردە
ماي يوللاردا كۆرۈنمەيدۇ قان.
ئادەم ئادەمنى دەسسەپ سالغان،
بىنالار بىنالاردىن پەستە قالغان،
ۋاقىت هەر تەرەپكە قېچىۋاتقان.
ماشىنىلار چاقلىق جىنازا
ئۆلۈكلەر چايقىلىپ كېتىۋاتقان.
بەزى بوۋاقلار دېرىزىدە
قېرىيدۇ، هۆل بولىدۇ، داتلىشىدۇ،
تەلمۈرۈپ قاراۋېرىپ يولىمىزغا.

قۇلىقىمدا يۇلتۇزلار چاراقلايدۇ،
شورپا قاينايدۇ ۋاراقلايدۇ،
كېچە پىشىدۇ...

2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.



# كۆز تامچىلىرى

1

ئەينەكتەك ھاۋا،
كۆز پەسلىنىڭ يوق چېكى،
غازاڭلار لەيلىگەن ئوت يالقۇنى.
دەرەخلەر كىيىمىنى سېلىپ بولدى،
تولدى كۆيگە شېرىن شەربەتلىك،
سۈنىڭ يايسىمان، كىچىك ئاغزىدا
تىنىم قىلتىرىقى سۇنغان بېلىق،
كۆز يامغۇرى ياغماقتا.

2

قەشقەر تامچىلايدۇ
ۋاقىتتىن ۋاقىتقا،
قاچىدىن قاچىغا
ئانار سۈيىدەك.
تامچە - تامچە ئادەم كوچىدا،
ئادەم ئەمەس دەريا كوچىدا.

3

دەرەختىكى قۇش سۇكۇتتە،
بالا تىلسىز دەرەخ تۈۋىدە.

بەزى بوۋاقلار چاپلىشىدۇ
دوختۇرنىڭ قولىغا قولىمىزغا.
بىر ساراڭ ھىجايدى ئاپتوبۇستىن
بەلكىم بەش يىلدىن كېيىنكى مەن.
بىر گۈل ئېچىلدى كارىۋىتىمدا
يامغۇردىن كېيىنكى ئاخىرلاشقان تەن.

بىلگە خاقان ئاق ئېتى بىلەن
قۇيۇندەك چاپقان چۆش پەيتىدە،
خىيال سۇرۇپ، نەزەر سېلىپ
دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرىمەن.

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.



# توقال

— ئەما قىز ئەلانۇرغا

ئوقۇلدى نىكاھ،
يىللار ئۆتمەيدۇ بىكاردىن بىكار،
دىللار ئېرىمەيدۇ بولمىسا ئىشق.
تاشنى زۇۋانغا كەلتۈرگۈچى زات
نەزەر سالسا قىلىپ ئىلتىپات،
ئىككى تاشقىمۇ چۈشىدۇ مېھىر،
ئىككى چالمىغىمۇ ئۆتىشەر ئىسسىق.

ئاغزى بار ئاي سۆزلەيدۇ،
كۆزى بار گۈل كۆرمەيدۇ.
ئۆيدىن بازارغا ماڭسا ئەما قىز
قوي مەرەيدۇ، كالا مۆرەيدۇ.

موللاخۇن ئەمرىگە ئالدى،
چوڭ خوتۇن كۆزدىكى بىر تۇپ ئۆرۈك
ئالتۇن غازاڭلىرى چاۋاك چالدى:
— ساۋاب ئالدى، چوڭ ساۋاب ئالدى.

سۆيگۈ ئۇرۇقى چۈشتى ئېتىزغا،
قىز ئەمادىن ئايلاندى قىزغا.

ئاغزىڭ ئوت يوقى،
يالماپ يوت...
توت!
ئانا تىل - مەڭۈە
شاختىن يەرگىچە

4

كوز قورقونچلۇق،
قىز قارايدۇ كۆزلىرىدە توز،
ئىت قاۋايدۇ ئاغزىدا يولتوز.

5

قوياشتىكى گول
بىز ئوزۇۋالغان.
تاشتىكى تەمبور
بىز چالغان،
ئاۋازسىز.
ئوسسول ئوينار قىز،
قىز ئاناردا،
ئانار پىشتى.

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كونى.

# شەھەردىن چىقىش

قويۇق بىنالار سۈيۈلۈپ،
توختىغان.
چىققانسېرى مەن شەھەردىن
ئۆز تېرەمگە كىرىۋاتىمەن،
تەن راھەتتە، جان شوخشىغان.
دۆڭلەر سېھىرلىك،
يېشىل تۈك باسقان، چىرايلىق، پىنھان
ئويمان يەرلەردە سۈزۈك پىغان.
كۆرسىتەر ئاپتاپ
گۈرۈچتەك ئاپئاق، ئوغرى چىشىنى.
ئۆزگەرتىپ مامكاپ يۆنىلىشىنى
شەرقتىن سوزۇلغان رېلىس بويىدا
چېكىنمەكتە ئۇزاق ئويىدا.

ئۇپۇقنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولۇپتۇ.

قوڭۇر تۇپراق، قوڭۇررەڭ شامال
توپىغا ئايلانغان بىر قوۋۇرغىدىن
ئىسسىق ھور ئۆرلەپ چىقماقتا ئايال.
چىقماقتا نىقابتىن دەل - دەرەخلەر
بوشىغان يالتىراق قانغىچە يىغلار
توپا - چاڭ پاكىز، خۇشپۇراق ئەت يەر.

ئەر ئەردەك بولماي
ئايال بولۇشقا ئايال ئۇنىماي،
كېلەر ئازغۇنلۇق خىيالىمىزغا.

شەرقتە توقال،
غەربتە دوقال،
غەرق بولۇشقا بار باھانە، ئامال
چۆكمەكتە ئادەم، دېڭىزدا شامال.

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.



# ئۇستەل چىرىقى ناخشىسى

تەنىنىڭ سايىسى
ئىزدەيدۇ ئىزىنى دولقۇندەك ساھىلدىكى،
تاشلىدى ئۆزىنى كېچىنىڭ دولقۇنى،
بۇ دەملەر ئۆلۈمنىڭ سۇدىكى يالقۇنى.

ئۆچمەكتە يامغۇرلار، كوچمەكتە ئىسسىق قار،
شامالسىز لىپىلدار كۆكرەكتە نىلۇپەر.
پاك شەبنەم دومىلار گەجگىدىن دۈمبىگە،
ئىسسىق قان ئىچىدە يۇلتۇزلۇق، چوڭقۇر ئەر.

ئۇزۇلدى ئەنجۈرلەر، تۆكۈلدى ياپراقلار
بىپايان كارىۋاتتا.
ئۇچماقتا بارلىق، بىر ساز بىز قوش تارلىق،
مېھرىبان سازەندە چالماقتا، چالماقتا...

قولاق ۋە قولىمىز يۇگۇرەر ئۆزىدىن چىقىپ
ئۆلۈم بۇ، بىر قېتىملىق، قىسقا، لەززەتلىك.
ئۇستەل چىرىغى ئاغزىنى يۇمۇپ، بەك ئاستا
قاراڭغۇدا ئېيتماقتا ناخشا،
ئەڭ گۈزەل ناخشا.

2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

يۇزلىرى بۇزۇلغان،
زورلانغان،
خورلانغان،
گوللانغان سۇ
شەھەردىن چىقماقتا ئاستا.

توپ تېرەكنىڭ ئاستىدا
دادام رەھمىتى،
سايىدىماقتا.

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.



ئاق تېرەكنىڭ قوۋزاقلىرى قان.
ماي يولىنىڭ دېرىزىسىدە
كوچا چىراغلىرى چاقنار.
يۈز يىل بۇرۇنقى كۆزلەر چاقنار،
چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ توپىسىدا.
غېرىب بولغان ئادەملەر چاقنار،
قەشقەرنىڭ ئەينەك كوچىسىدا...

يىپەك يولىدا ناتونۇش كارۋان
تونۇش بىر ئۆلۈك ماڭدى تۆگىلىك.
قىپقىزىل چىققان بىر قىز ساندۇقتىن
يات مۇزېيدا يىغلار ئېسەدەپ،
قېنى مېنىڭ كىيىملىرىم دەپ.

قاراڭغۇ سۆيمەكتە ئاچكۆزلۈك بىلەن
ئۇياتچان ئاراللار قىلىدۇ نىدا،
ئۆتمۈشنىڭ شولىسى جىمىرلار سۇدا.

يەنە بىر ۋاراق ئۆرىدى ئۇ:
يۈز يىل بۇرۇنقى قەشقەر قىزى
كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ كەچمەكتە سۇ،
نېرىدا بوز ئېشەك ئوتلىماقتا...
مەن — ئاچ قالغان ھاڭگا.
مەن — ئۆزىنى يالماۋاتقان ئوت.
مەن — قۇم ئاستىدىكى ئاۋات شەھەر.
مەن — چۆل يامغۇرى
توختاپ قالغان ئۇشتۇمتۇت.
مەن — قەلبىدە شەپەق بار سەھەر.
مەن دەرەختەك تىلسىز ئادەم،

## ستوكھولۇمدىكى ئۇيغۇر

— دوكتور ئەسئەت سۇلايمانغا

ۋاراقلىماقتا كۆڭلەر روھىڭنى
خانلىق كۇتۇپخانىدا.
شۋېتسىيە،
سۈرتمەكتە گۇگۇمدىكى غېرىبلىقىڭنى
ئاراللارنىڭ سۈزۈك قولىدا.
سەن رەڭگارەڭ شەپەق نۇرىدا
تەكلىماكاننىڭ قۇم كىتابىدىن
تېپىلغان دۆلەتنىڭ كەنجى خاقانى،
ھاياجانغا چۆمسەن بىردىن…
سۋېن ھېدىن①
بۈيۈك دېڭىز قاراقچىسىدەك
يۈز يىل ساقلىدى دولقۇنلار ئارا
ئېگىسىنى زور خەزىنىنىڭ.

كىتابتىكى يۈز يىل
بىلىنمەي ئۆتەر كوچىدىكىدىن.
كوچا جىم،
ئالىمان بېسىققان،
ئامبال ئەپيۇن تارتىدۇ،

---

① سۋېن ھېدىن (1856 ـ 1952) — شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

# شەپكەمنى ئۈنتۈپ قاپتىمەن

موھتاج بولىدۇ ئادەم ئادەمگە،
يۇلتۇزدەك يانغاندا تەنھا مىنۇتلار،
قەلبىمىز ئېچىلغان ئىشىك ئالەمگە.
قاچتىم ئۆزۈمدىن كۆز كۆنى غەمكىن،
باستىم قوڭغۇراقنى قۇرۇق ۋە تەمكىن،
غېرىبلىقنىڭ قوڭغۇرىقى بىنادا
ياڭراتماقتا سوغ ئەكس سادا.

ئەي ھەسەنشېرىكتەك پارقىراق، قۇرغاق تۇرمۇشتىن يې-
ڭى تەم ئىزدەپ ئاۋارە بولغۇچى!

ئەي كىتابلار ئارىسىدا ئۆمىلەپ، ئۆلۈكلەرگە پۈتلىشىپ دەسسەپ تىرىكلەردىن قېچىپ يۈرگۈچى!

ئەي كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، قارايسەن كۆن بويى كىرىس-
تال يۈزلۈك جاھاننامىگە، ھەممە جاھان ھەمدە جان ئۆزۈڭدە بارغۇ؟

بىز بىر توپ يولۋاس، قورقۇشتىن لىپىلدار تېرىلىرى-
مىز، كۈندۈزدە ئۆلۈپ كەچ كىرگەندە تىرىلىمىز.

مىڭ جېنى بار يىلان بىز گويا، قايتا ـ قايتا قىيما ـ
چىيما قىلىنغان، ئەمما قاسراق ئەمەس ھەسرەتلىرىمىز.

گوياكى قۇرئاندىكى ئون ئىككى بۇلاق يېنىككىنە تەگكەن
ھاسىدىن، ئېتىلىپ چىقماقتا يەرنىڭ ئاستىدىن، شۇ بۇلاقتا
يۇيۇنساق، يېڭىباشتىن ئۆلسەك ياكى تۇغۇلساق.

ئەيىيۇھانناس، بىز تىلى بار تاش سۆزلىمەيدىغان بۇ شە-
ھەرلەردە مەرمەرگە ئوخشاش.

زامانىۋي شەھەرلەردىكى.
مەن — بىر تۇپ ئەنجۇر كۈز پەسلىدىكى
يالىڭاچلىنىپ قالغان بارا - بارا.
مەن — خالتا كوچا، رەت - رەت ۋە كونا
بالىخانىلىق لاي ئۆيلەر ئارا.
مەن — ئوقۇلمىغان قەدىمكى كىتاب،
مەن — جەسەتسىز قەبرە كرورانىدىكى،
هاپىلا - شاپىلا يازار ئارخېئولوگ
بىر نېمىدىن ئۈركۈگەنمىكى؟
كولىنىپ
قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ئىچ - باغرى،
ئىگىسىز ئۆيلەردە قاۋار ۋاقىتنىڭ ئىتى،
پىچەتلەنگەن يوللارنىڭ ئاغزى،
تېڭىقسىز قالغان
چۆللەرنىڭ جاراھىتى...

سۈرۈن ھېدىن
غايىب بولدى قەشقەردىن،
ستوكھولۇمغا بىر كەتكەن پېتى
ئاستىدا ئەسىرنىڭ ئاق ئېتى.

دوستۇم ئەسئەت،
تەڭ كېچە بولدى
چىرىقىڭنى ئۆچۈرۈۋەت،
يۇلتۇزلار يېنىپ تۇرسۇن...

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

# چۈش

چۈشەپتىمەن نۇرغۇن تۆگىنى
بوتىلاقلىرى بىلەن
غەلىتە، سۇرلۇك،
ئۇنتۇپ سەھەردە ماڭدىم مەن ئىشقا.
ئاپتوبۇس ئايلىنىپ كىرمەكتە قىشقا،
قار ئاستىدا يازدىكى گۈللۈك.

بىر توپ دەرەخ تۇرغان دۈگدۈيۈپ
جەنۇبلۇقلارنى سالىدۇ ئەسكە.
غېرىب، غەمسىز، شاۋقۇنلۇق، رەڭسىز
قىشتا بىر كۇنمۇ توختار بەك تەسكە.

سۇرتتۇم ئەينەكنى،
توپا يىللاردا
تۇرۇش كېرەك پارقىرىتىپ پات - پات،
ئادەم هۆل نەرسە بېسىپ كېتەر دات.

مەرمەر چېقىلغان كۇنى پىرئەۋىن
بېشىنى ئالدى جىمى تاشچىنىڭ
قىلغان، قىلمىغان بولسۇن ئېھتىيات.

تۆگە تۆگە ئەمەس،
بىز كۆرگەن دۇنيا بۇ دۇنيا ئەمەس،

ئاي شولىسى چۈشىدۇ قىيپاش، سۇنۇق دېرىزىدە تۈن يېرىم-
لاشقان، ئۇيقۇ قاچقان، ھاياجان بولدۇقلاپ تاشقان.

ئاھ ئورۇندۇق تۆت پۇتلۇق ئايال، نېمىدېگەن راھەت -
ھە، نېمىدېگەن ئەپچىل ئەسلىدە.

ئەر قالمىغان بۇ يەردە لېكىن، ئاياللارنىڭ تەگلىسىدە
ئەر، بەزى يۇملاق بەزى تۆت بورجەك خېمىرمىكىن ياكى
لايمىكىن؟

تىل دەرىخى ئاستىدا گەپلىرىمىز تۈگىمەستىن ھەي،
سۈكۈت مېۋىسى پىشتى باغلاپ مەي.

ھەربىرىمىز بىر يۇلتۇز، كىرىپ كېتەرمىز قۇيرۇقسىز،
يالغۇز، ئۆز ئۆيىمىزگە...

ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە ئاپلا
شەپكەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،
ئۇنتۇغاندەك دەرەخ كۈزلۈك كىيىملىرىنى
ئېغىر - ئېغىر خىياللار بىلەن...

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

## قىنىم

مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يوقىتىپ ...

گۆگۈم يارىلانغان،
قويۇق تۈكلىرى ئارىسىدىن
سىرغىپ چىقماقتا قىزىل يۇلتۇزلار.

يالايدۇ ھاۋا
ئەينەكتىكى قىنىمنى.

ھەرىكەتتىكى گۈل ۋە يارا.
ئاغرىق پىچاقتەك توختىدى چاقناپ
قولۇم ئەينەك كۆكۈنى ئارا.

جاننىڭ چاقمىقى تەندە،
قاننىڭ چاقمىقى سەندە، مەندە
تاڭنىڭ چاقمىقى دەرەختە، يەردە.
دۇنيا ۋەيرۇ - ۋەيران بىردەمدە
غەزەپ چاقماقتەك كەلگەندە...

ئەقىل بىلەن بىسىپ مەجبۇرىلاپ
ئۆزىمىزنى كەلدۇق چىڭ تۇتۇپ.
ئىچىمىزدە جىمجىت كۈچ توپلاپ
قورالانغان يەنە بىر قۇتۇپ.

چۈش ۋە بېشارەت چىنلىقتىن ئۇلۇغ.
مۇزغا دەسسەپ قايتتىم كۈندۈزدىن
مۇزنىڭ ئىچى سۇزۇك، يوپيورۇق.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.



# ئويغىنىش

چۈشۈمدىكى ياپيېشىل تېرە
دەرەخ كىرپىكلىرى جۇپلەشكەن.
ئۈچ تال نەشپۈت شىرە ئۈستىدە
مايماق - سايماق خىيالغا كەتكەن.

مەن كارىۋاتتا - ياغاچ چۈشىدە
ئويقۇنىڭ رەڭمۇرەڭ بەرگى چېچىلغان،
ئۆلۈم دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلغان.
ئوغلۇم گىلەمدە ئويناۋاتاتتى،
ھايات - ماماتمۇ بىر ئويۇن پىنھان.
سايراپ كەتتى ئويۇنچۇق قۇشقاچ،
مەن تىرىلدىم قۇلاقتىن باشلاپ
ئاندىن كۆزۈم، قوللىرىم، تېرەم
ئىسمىم، مىللىتىم، دەرەخ، دېرىزەم.

ئاڭلاش ئۆلدى.
كۆرۈش ئۆلدى.
بىر بالا كېلىدۇ تۇپراق بېشىغا،
دەرەخ توختىغان ماڭار يىلتىزى،
تىرىك ئادەم - ئۆلۈكنىڭ ئىزى.

ئۆلۈك چاقىرىلدى،
ئۆلگەن قۇشلار قانات قاقار،

غالجىر لاشقان قوتازدەك
ئەركىنلىككە چىقتىم ئۇشتۇمتۇت.

قېنىم راھەتلەنمەكتە
گىلەمگە تامچىلاپ ئېقىپ،
راھەتلەنگەن بىر تۇپ توغراقتەك
يامغۇر قەپىزىدىن چىقىپ.

سۇندى قىش پەسلى ئەينەكتەك سۇزۇك،
ئۇندى قولۇمدىن قىپقىزىل چېچەك.

مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يوقىتىپ
پارچە - پۇرات تۇرمۇشتا،
نەزىر بەردىم ئىسسىق قان بىلەن
سۇ ئۇستىگە شەھەر قۇرۇشتا.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.



# تۇنجى قار

ئاسمان كۆلۈمسىرىدى،
لەۋلىرىدە ئېچىلىپ چېچەك.
سېمونىتتىكى قىز ئېرىدى،
شاختىكى قىز توختىدى تىترەپ.
جىلۋە — ناز قىلار
يۇمران، ئاق قىزلار،
ھەممە ياق قىزلار...

ھاۋادا قىزلار،
كوچىلاردا ھەم.
ئېرىدۇق تېزلا،
بەدەن يېڭى نەم.

رامىزاندا قار
چۈشتى قۇرئان ۋاراقلىرىدەك،
چۈشتى كۆكتىن بىر ئاق داستىخان
ئەمدى ئەلگە مولچىلىق بەرىكەت.
چۈشسە يەرگە بىر قىزىل ئالما
چىشلىسۇن يار، بىز دەيلى رەھمەت؛
قىزارسۇن قار، نۇر تۆكسە نازلىق —
يار لېۋىنىڭ شوخ ئېگىلىشى.

كۆيگەن يۈزلەر ئەينەككە باقار.
نۇرغا چۆمگەن بىر بۆلۈك ئادەم،
ئۆستەڭلەردە سۈت ـ ھەسەل ئاقار.

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.



كەڭلىكلەردە ياتار ئاپئاق، شۈك؟
يەر يۈزىگە سىڭمەكتە كېچە،
بوشلۇق ئۇخلار ئېگىز، ئاق تۈكلۈك.

دېرىزىنى ئاچتىم يۇلتۇزسىز
مايماق - سايماق قار ياغماقتا،
ئاپئاق دەرتلەر تۇرمۇشنىڭ تۇزى.
گۇگۇمدا بۇ قەغەزگە قايتتىم،
ئېرىمەكتە قار يۇلتۇزى.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.



چۇشسە ئەگەر كۆكتىن بىر كىشى
ئولتۇرغۇزۇپ ئاپئاق كىگىزگە
جاكارلايلى خاقانىمىز دەپ،
كۆتۈرەيلى كۇندەك ئېگىزگە.
چۇشسە خىزىر ئاپئاق ساقاللىق
دەيلى قېنى خۇشخەۋەر بىزگە؟

(مەن بۇ شېئىرنى
تۇنجى قاردا يازغانىتىم دەسلەپ،
يۇتتۇرۇۋەتتىم يولتۇزۇم پەسلەپ،
يازماقتىمەن قايتىدىن ئەسلەپ.)

سورىماڭلار دەرەخ نېمىشقا
كىيىمى يوق كېتىپ قالدى دەپ؟
سورىماڭلار نە ئۇچۇن قىشتا
سوغۇق بۇنچە كەتتى ئەزۋەيلەپ؟
قورققان قار چاقنار كېچىدە
تاتىراڭغۇ كەنتنىڭ تېرىسى.
ئىزدىمەڭلار توغراق ئىچىدە
ياشاۋەرسۇن ئۇ يېشىل كىشى.
توختاپ قالدى ئۆستەڭ ناخشىسى
قاچان ئاپئاق مەلىلەر ئارا؟
سورىماڭلار كۆرۈپ كاچكۇلنى
مۇز تۇتقان كۆل نېمىشقا يارا؟
پارقىرىغان قار خەلقى نېچۇك

هەي، بالىلار روزا ھېيت كەلدى
كەمپەت يەڭلار، يەڭلار شىرمان نان...

كەلدى روزا ھېيت،
قۇش قانىتىدا
زۇلمەت دېڭىزدىن ئۆتكەنچە يورۇپ.

كەلدى روزا ھېيت،
ئۇسساۋاتقان بېلىق قارنىدا
دەريادا تۇرۇپ.

كەلدى روزا ھېيت،
دەرەخ كاۋىكىدا
ناتونۇش پەسىلگە ئېچىپ ئىشىك.

ئى مۆمىنلەر ئۆلگەندىن كېيىن
بارارمىز غەم يوق ياپپېشىل يەرگە.
ۋەھالەنكى بۇ ھېيتمۇ يەنە
كىچىك، ئاجىز، تەنھا بىر دۇنيا
كۆڭلىكى قان يىغلار كەبىدە،
ئۆلمەي تۇرۇپ بارارمىز نەگە؟

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

# روزا ھېيت كەلدى

قىزىل دېڭىزنىڭ ئىشكىدە ئاي،
ھىلال ئاي كەلدى، ئىشىك ئېچىلدى.
خورما دەرىخى تۇرىدۇ ئۇچماي
يېشىل پېيىدىن شولا چېچىلدى.
تەقۋالىق ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىز
زەپەر قۇچۇپ يېنىپ كەلدۇق تېز
ئوتتۇز كۆنلۈك روھىي سەپەردىن.

سەھەر چەكمەستە دېرىزىلەرنى،
گۇگۇم گۈل لېۋىدە ئۆپكىچە يەرنى،
ئاچلىق نېمە، ئۇسسۇزلۇق نېمە؟
تېتىپ باي - پېقىر، ياش - قېرى ھەممە.

داغلىدى شەيتىنى سېمىز ئايال،
باغلىدى زەنجىرگە نەپسى يامان ئەر،
يېپىلغىچە يەر - كۆكتىن كىتاب،
ئېچىلغىچە كېچىنىڭ لېۋى.

گۈل شېخىدا ئاياللىرىمىز،
شۇنچە گۈزەل، شۇنچىلىك پىنھان.

ھاياتلىق - سۇ ئۇستىدىكى ئىز
ئۆرلەر يورۇق مەنزىلگە ئىنسان.

ئىشىكتىن كىرسەم
پولو ئېتىپتۇ ئايدىكى ئايال،
سۆيۈپ كەتتى قولۇمغا خۇشال.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.



# ئايدىكى ئىت

قارىماققا جىمجىت
ئايدىكى ئىت.

چىشلىۋالدى قولۇمنى
قېنىم ئاقتى قەغەزگە،
قەغەز ماڭدى جان كىرىپ.

شېئىرلىرىم روھىنىڭ تاتۇقى.
تاتۇقى چاقناپ تۇرغان كىشىلەر
ئۆتۈپ بارار غۇۋا كوچىدىن،
ئايدىكى ئىتنىڭ كۆڭلى يېرىم.

ئايدىكى مەسچىدنىڭ قۇببىسى كۇمۇش،
يەردىكى مەسچىدنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەڭ
شاۋقۇنسىز ئاقىدۇ مۇز تۇتقان ئۆستەڭ.

ئايدىكى دەرەخنىڭ مېۋىسى پىشتى،
ھەممەيلەن ئۆزىدىن تۇرار ئەنسىرەپ.

بويىنىدا نۇر زەنجىرى
قىلماستىن مىت
ئايدىن بىزنى پايلاپ تۇرار ئىت.

بەزى كۈنلەر
بۈگۈنكىدەك كۆپكۆك ئەمەس،
ئاچسام رۇجەكنى كۆرۈنەر بۇلۇت.
مەرۋايىت سەن چېچىلىپ كەتكەن،
يوپۇرماقتىكى گۈزەل بىر قۇرۇت،
ئاچچىقلانغان بىنەپشە گۈل ھەم،
تۇماندىكى قىزغۇچ ئورمانزار،
يا كۈندىلىك ئۇن، گۈرۈچ ئارا
ئۇيغۇر يۆگەپ قويغان بىر يارا.
ياكى ئەگمەچ ئىسكىرىپكا سەن
تىنماي غەرق قىلغان ناۋاغا.
كۆتۈرۈلگەن گۈل سەن ھاۋاغا،
قېچىپ كەتكەن قىزسەن دەرياغا.
قۇيرۇقۇڭ بىلەن چالغىتىپ مېنى
ئۇسسۇل ئويناۋاتقان دېڭىز دېلفىنى.
بەزەن مېنىڭ ئەينەك غەزىپىم
سۇنار جاراڭلاپ چۈشۈپ يەرگە.
شائىرىمەن ياۋا قوتازنىڭ
چىلىق - چىلىق چۆمۈلۈپ تەرگە،
ئايلىنارمەن قارا بىس ئەرگە.
ئاندىن جىمىپ ئىللىق شامالدەك
قايتىپ كېتەرمەن ئاددىي كۈنلەرگە،
كۈندىكىدەك، كۈندىكىدىن بەك
يېڭى سۆيگۈ ئاچىدۇ چېچەك.

لىغىلدىغان لاي ئۈستىدىكى
يېشىل، كىچىك قۇش ئىزلىرىدەك

# بەزى كۈنلەر

بۇ شېئىرىمدا
غۇنچىسى قوش بىر قىزىل گۈل بار،
قىلغىلى خوش تۇتتۇم ساڭا يار.

بۇ دېرىزىدە
بىر نەچچە كۈن بورۇنقى ئاق قار،
ۋە كۈندىكى يېڭى يالقۇنلار.

ئاق قىشتىكى ئەي، قەدىناس يار،
مەن ئىسسىق ئالقىنىڭدا كۆيۈۋاتقان قار،
مەن نازۇك بارمىقىڭدا چېكىلگەن زىل تار.

غازاڭلار كۆمۈلدى قارنىڭ قەلبىگە،
قىش دولقۇنلىدى قايتىپ كەينىگە،
بىراق مەن ئەبەدىي قايتمايمەن سەندىن.

قۇم دېڭىزى گۈللەرنى سۆيدۇ پىنھان
ئىچىمىزدە بار تەكلىماكان،
ئەي، ئاپتاپتىكى قۇملۇق خانىشى
چاقنايسەن قولۇمدا قۇم دانچىسىدەك.
تەنها، بىپايان، تەكلىماكان مەن،
گىرۋەكلىرىمدە ئاچىسەن چېچەك
شۇنداق ھازىر، شۇنداق كېلەچەك.

## رىۋايەت

كەلسەڭ مۇبادا دەرەخ ئىچىگە
ياپراق چىقارغاي ياغاچتەك جىسمىم.
چىقساڭ چىراقسىز گۈلۈم، كېچىگە
يانغاي چولپاندەك سەن ئۈچۈن ئىسمىم.
كۈندۈز نۇرى بىر ساڭا تالىق،
چوڭقۇرلىرىمدا چوڭقۇر غۇۋالىق.
كۈندە ئالدىراش ماڭىمەن ئىشقا
بىر كۈنلەر مېنى كۆرمەس خالايىق.

دەپتۇ ئەزرائىل:
كېلەر ھەپتە جۈمەدىن كېيىن
كۆز ئالدىڭدا بولىمەن ھازىر
جېنىنى ئالغىلى يېقىن دوستۇڭنىڭ،
تىنما ھېچكىمگە بىر ئۆزۈڭلا بىل.

دەپتۇ دوستى كۆڭلى ئۇنىماي:
— قېچىپ كەت ئاداش، مە، ئېتىمنى ئال
بۇ شەھەردە بولمىغىن ھايال.

ئۇ ئاتلىنىپتۇ يىراق قەشقەرگە،
سۇ ۋە ۋاقىت بار ھىلال ئاي شەھەر —
زېمىندىكى چىراق قەشقەرگە.

ئىزنىڭ قالار روھىمدا بەزەن،
ئۆچۈپ قالار ئەتىسى جەزمەن.

ئاددىي كۈنلەردىكى بەزى كۈنلەر
كۆتۈرۈلگەن دېڭىز دولقۇنى،
ۋە پەسەيگەن دېڭىز دولقۇنى
مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىمىزدا.

گۈل ئۈستىدە بىر قوشماق شامال،
بىر جۈپ ئاتتەك ئامراق ئەر - ئايال.

كۈنلەر ئارا سەن تۇغۇلغان كۈن
ئوخشىمايدۇ باشقا ھېچ كۈنگە،
ئوخشىمايسەن باشقا ھېچكىمگە.

ساڭا ئاتاپ ھەربىر مىسرادىن
قار لەيلىسى ئۈزۈپ بىر تالدىن
سوۋغا قىلدىم قۇتلۇقلاپ دىلدىن.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

# كەپتەرۋاز

ئاق بۇلۇتلارغا كۆمۈلگەن ئايال،
كۆرۈندى ئاھ، چىقىپ بىر شامال
گۈزەل تاپىنى، ئەگرى تېقىمى.

كۈن ئېگىلگەندە
ئوخشاش كۈن چۈشكەن ئۆيلەر ئۆگزىسى.
ئوخشىماس لېكىن كەپتەر كۆزىدە
يانتۇلۇقى، نۇر گىرادۇسى.
ئۇچۇپ كەتسىمۇ شۇڭا يىراققا
كەپتەر ئۆينى تېپىپ كېلىدۇ.
كەپتەرۋاز بۇنى بىلىدۇ،
ئۇلپەتلىرىگە كۆز - كۆز قىلىدۇ.

كەپتەرۋاز
بامدادتىن يېنىپ،
پۇشۇلداپ تىنىپ،
ئاچتى كوۋۇكنى
تونۇش بىر ھىدنى پۇرىدى قېنىپ.
ئاندىن ئۇ دان چاچتى تەنلىرى يايراپ،
كەپتەرلەر ئايلىنار بۇقۇلداپ سايراپ
ئەركىلەر قىزدەك ئېگىپ بېشىنى.
كەپتەرۋاز پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كىشىنى
مەززە قىلىدۇ كەپتەرلىرىنىڭ
سۇ ئىچىشىنى، پوق چېچىشىنى...

كەپتۇ ئەزرائىل جۇمەدىن كېيىن،
دەپتۇ: دوستۇڭ قېنى ئەي بەندە؟
جېنىنى ئالماقچى ئىدىم قەشقەردە...

گۇلسىز كۇنلەردە سەن مېنىڭ گۇلۇم،
سۇ ۋە ۋاقىت بار
ئالدىراش كۇنۇم،
قار لەپىلدەپ كىرمەكتە قىشقا.
ئاستىمدا شەھەرنىڭ تۆمۈر يورغىسى
جېنىمنىڭ بارىچە چاپمەن ئىشقا.

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى.



# تاغلىق شائىر

— ئىليار جۇمەخۇنغا

تېكەس، تېكەس
باغلىرى بىدە
تاغلىرى زىدە.
ئىلاخۇن كۆك كۆزىنىڭ ئۈزگەن ئوقى
چۈش كۆرگەن چىرىكنىڭ يۈرىكىدە،
ئويغانسا ئۇ
توپا يا زەي سۇ.

تاغلىق شائىرنىڭ قېنى ئاقماقتا
ئاق قەغەزلەرگە مىسرا - مىسرا.
يېپىلدى يەرگە گۆگۈم تېرىسى
ئۇ تېرىسى سويۇلغان ئادەم.
غېرىب خانىسىنىڭ تۈگۈلۈكىدىن
شۇڭغۇپ چۈشكەن قىلىچ بىسى
تېگەر تامغا، ئىشكاپقا بىردەم،
ئادەمسىز بوش كىيىملەرگە ھەم.

چۈشتى يانتۇ ئاي شولىسى
جۆيلۈۋاتقان ئاق ۋاراققا.

قورقۇنچلۇق قار گېرىپ بولدى،

كەپتەرلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى،
پوكىنىدا ساتار تارى.
پۇتىدا قوڭغۇرىقى يۇلتۇزلارنىڭ
يېنىدا مەستانە يارى.

لەپەڭشىيدۇ پەغەزدە كەپتەر،
بىر چوغدەك قىزىل، ياق، پەرى پەيكەر.

تام تۈۋىدە تۇداخۇن پال كۆز
ئاپتاپ سۇنغاچ باشلىۋەتتى سۆز:
— كەپتەرۋازلار توزۇپ كېتىدۇ،
كۆكتۆشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ بىر كۈن.
— قوشنامنىڭ كەپتەرلىرى
قوشنامنىڭ ئەمەس،
ئاللا ئىگەمنىڭ.

تام تۈۋىدە تۇداخۇن پال كۆز.

بەش موللاقلىدى ئالا باش كەپتەر
لەيلەپ چۈشتى ئاسماندىن كۆك پەر.

ئەي، مۆجىزە يۈز بەرگۈچىلەر
بىز ئۇچالمايمىز.
ئەي، قاناتلىق خەلق
بىز ئۇچالمايمىز.

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

# غۇلجىغا سالام

ئۆتۈپ
چۆلدىن كۆلگە،
كۆلدىن كۆلدىكى كۆك تۇۋرۇكلەرگە،
گۈلدىن گۈللەرگە، شامالدىن شامالغا،
يېشىل يىڭنىدەك تاغ ئۇچىغا،
سېپىلسىز شەھەردىن جەنۇبقا، شىمالغا،
دەريادىن كوچىغا، كوچىدىن كوچىغا،
قۇش روھىدەك كەلدىم غۇلجىغا
ئېگىز - پەس بۇ مىسرالىرىمدا.

چۈشتىن كېيىن
قەلبىم تىمتاس جاڭگالدەك بىردىن،
شامال چىقماقتا قەغەزلىرىمدىن
ۋاقتىم يەلپۈنگەن قومۇش پۆپۈكى.

تەخسىدە قۇرت يېگەن قىزىل ئالما
تەخسىدە غۇلجىنىڭ يۈرىكى.

مەن غېرىبلىقنى تېتىغاچ ئاستا
ئالما تەملىك شېئىر يازماقچى.

هويلىدا ھۆرلەردەك ماڭىدۇ كەپتەر.
ئاسماندا دەپتەر
شېئىر يېزىلار،
ئىككىمىز كۆرۈشكەن، ھاۋادا قىزلار.
ئىككىمىز كۈيلىگەن يېشىل مىللەتنىڭ
تارىخىنى قار سۈيىدىكى.
دەرەخلەردىن تۆكۈلدى دېگەن
ئېغىر مۇڭنى قۇش كۈيىدىكى.

ئەي ـ ھەي،
شىشىگە كىرىپ كەتكەن كىشىلەر
دۇنيانى تەرك ئەتكەن كىشىلەر
بىتون دەۋرىنىڭ دەرۋىشى كەلدى.
تەپتارتماي ئۆزىنى شائىر دەپ ئاتاپ
يالىڭاچ ئىككى ئەر كىشى كەلدى،
قېچىڭلار ئاياللار مىسرا ـ مىسرادىن.

قىپيالىڭاچ تېرەكنىڭ
قەلبىدە ئۇچقۇنلار
يېشىل قار.
گۇگۇم تېرىسىدىكى ئادەمنىڭ
قەلبىدە ئىمان، ئاغزىدا ئايەت.
بۇ شېئىرنى يەر يۇتسۇن ئەمدى،
كىتابۇللادىن ئۆرىدىم بىر بەت.

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

بۇ مىسرادىكى، بوينۇمغا تەگدى ۋالىلداپ ھىلال ئاينىڭ مۈز-
دەك قىلىچى.

شېئىرىمدىكى يېرىم كېچىدە ئالما شەھىرىدىن قايتىشىم بىر يولى، ئالىمدەك يۈرىكىمدە ئالەمنىڭ قولى.

قولۇم كۆكسۈمدە ئەسسالام غۇلجام!
قاردىكى چوغ ئۆرۈمچىدە مەن،
ياشاۋاتىمەن سولىنىپ تاغقا،
سەپەر چىقىمدى سادىر بار ياققا.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.



ئەگىم ئاي كېسىپ ئۆتكەندە ئۇچەي - باغرى چۇۋۇلغان شەھەر.

سەھەر قاراڭغۇ قازناقتىكى چاشقاندىن باشلانمايدۇ.

ھەتتا كۆزگە تاشلانمايدۇ قوغۇنگۇلى چاشكا ۋاقتىدا، قو-رۇ تامنىڭ چىرايلىق يېرىقلىرى ئاستىدا.

ئالما دەرەخلىرى خۇشبۇي ھەم غەمكىن ئايال

پۇراپ، سىيلاپ، قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتىم ھاياجىنىمنى با-سالماي.

شەرۋانىخان موماي چاي شامىسىنى چايىنغاچ خىيالغا چۆ-كۈپ، تەنھالىقنى بولدى ئۆتكۈزۈپ بىر ئەسىرلىك يا ئۇنىڭدىن كۆپ.

تۆكۈپ ئۇنچە قىرغىنقىغا يىغلايدۇ دەريا، يۇلتۇزلار ئەر-كىن شېئىر بېلىقلارنىڭ چوڭ ئېچىلغان ئاغزىدا.

ئالدىدا بىر ئاق چاچ گېنېرال مەيدىسىگە ئىزنەك تاقاپ، قولىغا ئېلىپ تاياق، ئاتىدۇ تات - تات - تات…

بالىلارلا ئەگەشكەن ھەيھات.

تېرەك مازار، تىرىك مازار، يېشىل ئادەمدەك تېرەكلەر قاتار - قاتار.

كۈن ئۇپۇققا ئولتۇرغان ساقاللىرى قان، ئۆستەڭ سۈيى ئەزان توۋلار.

سۇدىكى كۆك مەسچىتتە، دۇئا قىلىپ ئولتۇرار بىزگە، يۈزىگە قورۇق چۈشكەن بوۋىلار.

ئالتۇن قۇملار جىمىرلار خىرە، گۈگۈم ئاتتىنىمۇ تېز يېمەكتە بىدە، قازانچى مەھەللىسىدە.

تۇتاي دېگەندە ئالمىسىنى سىقىمداپ كىرپىكلىك دەرەخنىڭ

نان ئۈۋىقى، تۇكۇچ، سۇپرىغا،
گاز ئوچاقنىڭ مۇزدەك ئاستىغا،
بۇستارتقۇنىڭ ماي پەللىكىگە،
دوخۇپكىنىڭ دات تەگلىكىگە،
پارۋاينىڭ كۆرۈنمەس تەرىپىگە،
جۇمەكنىڭ خارابلاشقان بەگلىكىگە،
چۇشۇۋاتقان سۇنىڭ كەلگۈسىگە ...

لىڭشىپ قالغان شىرە پاچىقى
كىچە ـ كۈندۈز تۇرار چىڭ دەسسەپ
سۇۋەرەكنىڭ ئاغزى، چۇشىگە.

ئۇ يېقىنلار بۇرۇتى بىلەن
جان ھەۋىسى قۇترىغان دەمدە
ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مەينەت يەرگە.
ئۇ گويا كى سەن ياكى مەن
ۋەتەن، مىللەت، دىن ئۇنتۇلغان
شۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەينەت يەرگە.

جۇپلەشمەكتە مۇزدەك يەردە
ئىككى ھەسەنشېرىك ئەنە
پاچاقلىرى دىرىلداپ تىترەپ.

ھەسەنشېرىك تۇغۇلدى
تۇغۇلدى مۇڭلۇق ساتار كۈيى
ئۆينىڭ تىمتاس كېچىلىرىگە.
دۇخاۋىدەك جۇلالاپ ئايال
ئەر كىرگەندە ئىسسىق تېرىگە،

# سۇۋەرەككە مەدھىيە

كۆك قار ياغقان كۆكۈمتۈل كەچتە
ھەسەنشېرىك تۇغدى ئۈچ بالا.
ئۈچ تال تۇخۇم ساقلار مىڭ تەستە
توڭلاتقۇ ۋە مەرمەر تام ئارا
كېلىشىنى ئۆز ھاياتىنىڭ.

مەينەتچىلىك ئەتىرگۈلى ئۇ،
قاراڭغۇنىڭ شاھزادىسى ئۇ،
ئۇ تۆت پۇتلۇق ئوتنىڭ ھەرىكىتى
جىمجىتلىقنىڭ قىلىچ بىسى ئۇ.

قوڭۇررەڭلىك بىر غېرىب خەلق
تۈننىڭ قارا خەرىتىسىدە
ئۆز ئىچىگە بولماقتا غەرق.

شىشىقىدىن پول ياغىچىنىڭ
غەمكىن بىر يۈز چاقناپ تۇيۇقسىز،
قالمىغاندەك ماكان ھېچ يەردە
بىر بۇلۇڭغا قېچىپ كەتتى تېز.
ۋە قالدۇردى ئىز
ئاغزى ئوچۇق قالغان قۇتىغا،
خرۇستالنىڭ نەپىس پۇتىغا،
ھاۋانچىغا، ھەسەل يۇقىغا،

بىر كۈن كېلەر
كارغا كەلمەس جىمى كۈنۈپكا،
ئوت يالقۇنى قاپلايدۇ يەرنى.
يا بىر بۇيرۇق چۈشۈپ ئاسماندىن
سۇ باسىدۇ ئىمارەتلەرنى.
ئەنە شۇ چاغ بىر ھەسەنشىرىك
بۇرۇتىنى تەۋرىتىپ كېلىپ
ئاغزى ئوچۇق ياتقان كىشىنىڭ
زېمىندىكى كەنجى كىشىنىڭ
مىلىكىگە كىرىپ چىشىنىڭ
شورار قالدۇق قان شىرنىسىنى.

يېرىم كېچىدە،
تەشۋىش ئىچىدە
سۇخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچسام
چاقناپ قالدى بىر مىسرا يا قان.

چەكسىز ئالەمدە نېمىدى ئىنسان؟
قويۇپ بەردىم ھەسەنشىرىكنى.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

خالىغانچە خەت يازار ئۇلار
ئۆينىڭ جىمى ئاق دەپتىرىگە.

بەزى قاتتىق، بەزىدە يۇمشاق
بەزى سۆيۈق قورالىلىرىمىز.
قارشى ئاجىز ھەسەنشىرىككە
كېچە ـ كۈندۈز قوراللىنىمىز.
ب د ت دا يوق ئاڭا قارار
ھوقۇقى يا خۇنى توغرۇلۇق.
بىر خۇدادىن باشقا كىم قارار؟
ئۇ جان باقار قىلىپ ئوغرىلىق،
ئاشقان ـ تاشقانىنى، مەينەت باسقاننى
يەپ ياسىداق ئاشخانىلاردا.

پۇشۇلدايدۇ ئاپتوبۇس قاردا
ئۈچ يانچۇقچى چىقتى قىستىلىپ.
قەلبىم قۇرۇق يانچۇقۇمدەكلا
سوغۇق بىر قول تەگدى «جۇغ» قىلىپ.
ئىشسىز، پۇلسىز، نۇرسىز، قورالسىز
ئامالسىزلىق كۆپ تېخى ئەنە.
يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە كىردۇق يالىڭاچ
ئافرىقا ئاچ، ئاسىيا قاقاچ،
بىر ئەل قاقاس، بىر خەلق ئۇسسۇز،
جەڭ، تېررورلۇق، ئىس ـ تۈتەك، قاچ ـ قاچ
بوۋاقلارنىڭ ئەرۋاھى يەنە.
زېمىن قارا ئۇستىبېشىڭ قان،
ئەي، مەدەنىيەت قىلما تەنتەنە!

ئايرىلىپ ئېگىزدىن ئايالىرىمىز
سۆرىلەر يەردە غېرىب ئەتلەسلەر.

تىلسىز كۆنلەردىكى ئاۋازىمىز سەن،
ئۆلگەن بازاردىكى پەرۋازىمىز سەن،
بولۇپ قالساق ئۆلەمجان ئەر
قۇترىتىدۇ رەڭگىڭ، شوخ جىلۋەڭ.

ئەي، ئاتەش سۇلالىسىدىكى ئەتلەس خىيال
سەجدە قىلىشنى بىلدۇق بىز كىمگە.
ئەي يامغۇر پەسلىدىكى ئوت بىلەن شەھۋەت،
نوھقا ئەگەشكەنلەر چىقسۇن كېمىگە
ئېچىلسا ھەۋەس پۇركەپ كىيىمگە.

ئاڭلايدۇ، ساقلايدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ
قىزلىرىغا ئەتلەس توقۇيدۇ،
زېمىندا شۇڭا بۇ قەدىمىي مىللەت.

ئەتلەس، ئەتلەس
ئۆزگىگە سەن ھېچنەرسە ئەمەس
دۇنيانىڭ باشلىنىپ ئاخىرلىشىشىدەك.
ئۇيغۇر ئۇچۇن ھاياتلىق ئۆلمەس
مۇزېيدىكى چۈشىنىز كىشىدەك.

ئۇژمە دەرىخى تۇغدى قوش - قوشلاپ
بويىندا يۇمران، يېشىل قول - بارماق،
ئەركىلەيدۇ گۇڭراپ ھەر ياپراق.
پىلە غوزىسىنىڭ كۆزى يورىدى

## ئەتلەس

ئەتلەس، ئەتلەس
سەن قوشاق ئەمەس
قوشلار ئوقۇغان.
ئۇيغۇر ئۇيغۇر بولغاندىن بېرى
سېنى قوياش ئۆزى توقۇغان
رەڭلىرىڭدە كائىنات سىرى.

سەن ئەمەس قان
ئانا يەرگە ئۇيۇپ قالغان
قىزىل شەپەق شولىسىدەك،
ئاي كۆرگەندە تونجى قېتىم
ئۇيغۇر قىزى ئېچىپ چېچەك.

ئەمەس سەن يالقۇن،
غېرىبلار شەھىرىدىكى
كوچىلارنىڭ ئىشكىدە؛
ئاياللار بېلىقتەك ئۈزۈپ يۈرگەن
ئەركەكلەر سىلىق تاش ئىچى زىندە.

موزاي كىرپىك قىز ئەتلەس كىيگەندە
كوچىمىز ھەسەن - ھۈسەن كۆتۈرۈلگەن يەر.
يېڭىلىق بوراندەك بېسىپ كەلگەندە
بىز گويا ئۆمۈچۈك تورىدىكى ئەر،

# كوچىدىكى ئادەم

كۆكتىن تامغاندەك،
يەردىن ئۈنگەندەك،
كوچىدىكى ئەي، ئادەم
ھەممىمىز يىلتىزسىز دەرەخ
ئىچىمىز لىق يېشىللىق، ھەسرەت.

ئىچىپ بولدى سۇ ئۆزىنى
سېمونتتىنىڭ سۇزۇك يېرىقىدا.
تۇرمۇش بىزنى ئىچمەيدۇ،
يەكلەيدۇ، چىشلەيدۇ، ئىككەكدەيدۇ.
بىر كۈنلەردە پەقەت يەر يەيدۇ،
تاپىنىمىزدىن چېچىمىزغىچە.

ئاڭغىچە ئەي، پاناھسىز ئادەم
سۆزلەيمىز قۇشتەك بۇ گۈزەل تىلدا،
ئىشىك ئېچىپ غەيبكە دىلدا.
بىز زەنجىردە ماڭىمىز،
شەيتىنىمىز يۇگۈرەر قىلدا.

ئىچىپ بولدى سۇ ئۆزىنى،
ئىچىمدىكى شىر يۇمدى كۆزىنى.
ئىچىدە قۇرۇق ياغاچنىڭ
ياسالمىغان، چالمىغان راۋاب.

قويندا ئوماق، قاناتلىق بوۋاق.
خالۋاپلار يىپ تارتىپ - يىپەك توقۇدى
ئويىدا ئادەملەر، كوزىدا بوياق.

مەن يىپ ئېشىپ ئانا تىلىمدىن
بۇ شېئىرنى توقۇپ ئەتلەستەك
ئەلگە سوۋغا قىلدىم دىلىمدىن.

2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.



# ئائىشەنىڭ بەش پەسلى

پىچىرلاشقان شامالللاردىن
ئىسمىڭ قۇلىقىمغا كىرىپ،
ئىسمى چىرايلىق چېچەك تالللاردىن
تاپالمىدىم ئىسمىڭغا ئىسىم
دالىغا بېرىپ،
كۆكلەمدىكى ئائىشە.

بىر بۇلاق ئاچتى كۆزىنى،
نۇردەك تىلى ساپ ئۇيغۇر قىزىنىڭ
ئۇچار قۇشلاردىن ئاڭلاپ سۆزىنى،
كىرگەندە ياز يۇرتقا كۆچۈپ.

بارسام جاڭگالغا ئوتتۇنلۇققا
دەرەخ كاۋىكىدىن چىقار ئائىشە
ئاپتاپ ئۆچۈپ، كېيىكلەر چۆچۈپ.
ئالغۇم كېلىدۇ خوتۇنلۇققا
يەتمىش ئىككى مىڭ تومۇرۇم كۆپچۈپ.

كۈزدىكى ئائىشە
مول ھوسۇل ئالار ئېتىز ئىشىدا.
تەرگەن پاختىسى يۇگۇرەيدۇ،
ساغقان كالىسى كۈلۈمسىرەيدۇ،
ئۇيۇتقان قېتىقى سۆزلەيدۇ.

بۇندا لاغايلاپ يۈرگەن ئەي، دەرتمەن
ئەڭ نەپىس شەكىلدە ئەڭ ئەزىز قىلىپ
بىزنى باشتىلا قويغانغۇ ياساپ؟

قالمىغاندا كوچىدا ئادەم
قۇياش ئۆزىنى كۆيدۈرىدۇ.
تاش كۆرىدۇ تاشنىڭ قولىنى
ئەسەبىيلەرچە سىلاۋاتقان.
شەپەقتەك ھەممىنى قىزىل سۆيىدۇ
تەندىكى كوچىدا كېتىۋاتقان قان.

كوچىدىكى ئادەم كوچىدا ئەمەس
دەرەخ ئۈچىدا، ئۆيدە، ھەپسىدە
ۋاقىت دولقۇنىدا، ھاۋادا، نەپسىدە.
ۋە يا ھېچنەدە يوق ئادەم،
چۈنكى يوقتى ئۇ ئەسلىدە.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

ئائىشەنىڭ بەشىنچى پەسلى
دېرىزىنىڭ كەينىدە،
دەرەخسىز ئورماندا،
ياكى ئارماندا كۈتۈپ ئۆزىنى
كىرپىكى تۆكۈلگەن جەرەن كۆزىدە.
ئۆلگەندىن كېيىن ئېچىپ كۆزىنى
ئوت يالقۇنىدا كۆرگەن ئۆزىنى
بىر پاھىشەدە،
ۋە ياكى قەلبى كور ئائىشەدە.

بەشىنچى پەسىلدە
يۈتتى ھەمشىرىمىز، قىزلىرىمىز،
قالمىدى ئاي قۇتىدا سىرلىرىمىز.

قەلبىمىزدىن چىقىرىپ ياپراق
بىر كۈنى قارىغايدەك ئېرىلىمىز.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

نازۇك بويىنى ئېگىدۇ ئوماق
بويىغا يەتكەن چۈژگۈن قوناق.
كۆزدىكى ئائىشە بېھى ئىچىدە،
پىشسىمۇ يېرىلماس، شەربىتى تامماس
ئانارى يېرىلغان كېچىدە.

كېچىدە گەر چىقسا تالاغا
ئاي تۇغىدۇ
ئائىشەنىڭ بېشىدا.

ئائىشەنىڭ قارلىق قېشىدا
يېشىل دوستلىرى توختاپ ئىشتىن
يەرگە ئاق جايناماز سېلىنىپتۇ دەپ
كىتابۇللانى ئوقۇيدۇ قىشتىن.
ئېقىن سۇلار توختار ئېقىشتىن
ئائىشەنى توختىدى دەپ.
كۆل بويىدا زىلۋا سۆگەتلەر
توختاپ قالىدۇ يېشىللىقتىن
ئائىشەنى توختىدى دەپ.

ئائىشەنىڭ بەشىنچى پەسلى
شەھەردىكى بەزمىخانىدا،
ئۆچۈۋاتقان قار مەلىكىنىڭ
ئىس - تۈتەكتەك يۈزىدە.
نائىلاج قىسماقتىكى داننى چوقۇغان
ئانا قۇشنىڭ مۇڭلۇق كۆزىدە.
كۆپ ئەرلىك خوتۇندا نىكاھى زېدە،
مىللىتى، دىنى يوق ئەخلەت ئۈستىدە،
رېزىنكە پىچاقلىق ئەرنىڭ چۈشىدە.

چۈشكۈن ئايالدەك خوشلاشقان ئۈمۈ
بىلەلمەي چۆكتۈرگەن ۋاقتىمۇ، سۈمۈ؟

دېڭىزنىڭ ئىشكى ئېچىلدى،
يېڭى كەلگەن ئىككى ئۆلۈككە.
يورۇنقى ئۆلۈكلەر دەرەخ ئاستىدا
دەرەخ شېخىدا بەزىسى يەنە.
قەۋەت - قەۋەت سۇزۇك پەلەمپەي
قۇياش نۇرى تىك چۈشكەن يەردە،
قاسراقلىق بوۋاي ياتار جىمجىت، پاك
گۈل - چېچەك چىرماشقان مەرۋايىت پەردە.
قېتىپ قالغان مەمەدان كاھىن
كۈنگە قاراپ يۈكۈنگەن پېتى.
تاش سۇپىدا بىر توپ ئەر - ئايال،
كۆزى ئوچۇق، ئوچۇق ئەۋرىتى.
سېسىغان بىر سېۋەت مېۋە ۋە باققال،
ئۆلۈمدۇر ئالغاننىڭ، ساتقاننىڭ ئېتى.
پادشاھ ھەرىكەتسىز نەزەر تاشلار
ئاستىدا ئاق ئايغىرنىڭ ئىسكىلىتى.
قورۇقدىلىپ قالغان شەھەر ئىچى،
گۈللەر ئېچىلغان تىمتاس چەت - چېتى.
نوھقا ئەگىشىپ كەتكەن ھېلىلا
كاتەكتىن توخۇسى، باغلاقتىن ئىتى...

چۆككەندە شەھەر ھۆل بالىياتقۇغا
دېڭىز ئاستىدا تىرىك ئادەم يوق.
ھاسىلىق بىر كىشى ماگدى توپاندا
ئېچىلدى بىر كوچا، شەھەر قۇپقۇرۇق.

# دېڭىزدىكى كوچا

1

تاش ئىچىدە تاش،
تاش ئىچىدە كوچا،
كوچا ئىشىكى ئېچىلغان قىيپاش
دېڭىزغا.
دېڭىز قۇيرۇقلۇق،
كۆرۈنمەس ئۇچى.
دېڭىز ئومۇرتقىسىز ئۆمىلىگۈچى،
دېڭىز يۇمشاق چىشلىق سۈت ئەمگۈچى،
ئۇخلاۋاتقان كوچا ئاغزىدا
بۇژۇلداپ ئېقىۋاتقان سۈت
كېچىدىكى دېڭىز دولقۇنى.
دېڭىز ئاغزىنى يۇمماقتا،
شەھەر يۇماقتا ئەخلەتلەرنى،
كۈندۈز ئادەملەرگە تۇز چاچماقتا.
تۇرمۇشى كۈنسېرى تەمسىز بىر ئايال
پاھىشىخانىدىن چىقىپ قاچماقتا،
قوغلايدۇ دېڭىز قولىدا خەنجەر.
ئەتىسى ئەتىگەندە
شتات ساقچىلىرى شۇ يەردىن يەنە
ئۆلۈكىنى سۈزەر بىر ئەرنىڭ،
ئەركىنلىك ئىلاھىدىن تاشلاپ ئۆزىنى

قايتار پادىشاھ، يوق تەندە بېشى.
يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن قالار،
توغراق داپ چالار، چاقنار قۇم يېشى.
قۇملۇق مازار، ئاستىدا بازار
كوچا توپا - چاڭ، روھلار قىستىشى.
ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن
غايىب بولار ھەممە - ھەممىسى…

ئېچىلدى زامان، قۇملۇق كوچىدا
يوقالغان شائىر كۆردى ئۆزىنى.
ئېچىمدە قۇملۇق، شېئىر ئويلىنار
شېئىر ئويغىنار ئېچىپ كۆزىنى.

3

راشىد پورتى كۆردى:
ئۆرۈلۈپ، دولقۇنلاپ، پاتماي دېڭىز
بىتون تاملارغا سىزىۋەتكەن.
يۈكى نورمىدىن ئوشۇق كېمىلەر
سۇدىكى دۆبەينى ئىزىۋەتكەن.
قاشتىكى دۆبەي ھەزىم قىلماقتا
غىچ جۇڭگونىڭ مىلىچ مېلىنى،
پارس گىلىمىنى، ھىندى چېيىنى،
يەھۇدىنىڭ ئالتۇن قېنىنى،
ياۋروپانىڭ قىرلىق ئەينەكلىرىنى،
ۋاشىنگتوننىڭ بىتون ئېگىنى،
سىدنىيلىق ھاجىنىڭ يېشىل رېڭىنى،
ھەجگە ماڭغان ئۇيغۇر غېمىنى،

## 2

ئۇسسىغان دېڭىز
ئىچىپ بولغان ئۆزىنى.
سىلىق قۇملۇقتا بوران چەككەن ئىز:
قۇم يايلى، ئەلئىبھرام، تەسۋىرىي يېزىق،
ئويلاۋاتقان كىم يۇمۇپ كۆزىنى؟.

چەكسىز قۇملۇقتا چەكسىز ئېچىرقاش
يالىڭاچ، نەپەس، ئويماق، ئېگىز تەن،
مەڭگۈلۈك ئۆلۈم، مەڭگۈ يېڭى تەم.
قۇرىغان دېڭىزدىكى يېشىل ئۇيغۇر بىز
قاتار تېرەكلەر هايات مىسراسى.
ئۈزۈلۈپ قالغان بوستانلار ئارا
قۇملۇق بىر ئىسسىق هاياتىي يارا.
ئۆلۈش، تۇغۇلۇش، داتلاش، پارقىراش
يەر تېگىدە سۇزۇك ۋارقىراش،
ئىسسىق نېفىت، پارتلىغان تەن،
تەكلىماكاننىڭ كۆك تومۇرىدىن
تومۇرلارغىچە تۆمۈردىن پۈتكەن
ئۇ ئىسسىق قان ئايلانغان، كۈتكەن.
يېشىل ئۇيغۇر بىز قۇم بويىدىكى،
ئۆلۈك دېڭىزدا بىز تىرىك كىشى.
قۇم ئاستىدا تىلسىمات شەهەر
خوراز چىللىشى، ئىشىك غىچىرلىشى،
بوۋاق يىغىسى، تۇلپار كىشنىشى،
خۇشپۇراق چاي، يېپەك، پىل چىشى،
يارىيار هارۋا، تىغلىق كۆپ كىشى،

سۆيگۈ ئېلىپ ماڭغان قاتىل ۋە
پىئانىنو چېلىۋاتقان قىز.
گىياھقا ئايلاندى كېتىۋاتقان ئەر
بىر ئۆمۈر كارىۋاتتا، كۆتۈرەلمەس يەر.

ئەينەكتەك كۈنلەر سۇندى جاراڭلاپ
ئەنسىز كوچا، مالىمان شەھەر.
دوقمۇشتىكى فونتان يېنىدا
يارىلانغان ئاپئاق گەج كەپتەر
چۈشتى يەرگە تاشلاپ قىزىل پەر.

ئەنە شۇ چاغدا
چاچراپ چىققان بومبا پارچىسى
ئۈزۈۋەتتى قولۇمنى مېنىڭ.
بۇ شېئىرنى قولۇم يازمىدى،
ئاق قەغەزنى بويىدى قېنىم.

تىنچلىقنى خالايمەن شۇنچە،
ئەركىنلىكنى خالايمەن شۇنچە،
ھەققانىي، ھۆر، نۇرلۇق دۇنيادا
ئېچىلمىسا قاندىن گۈل - غۇنچە.

قۇياش زېمىننى بولدى ۋاراقلاپ
ئاي تىكلەندى مەسچىد ئۈچىغا.
قان ئاقماقتا قىرغاقنى بويلاپ
دېڭىزدىكى تىمتاس كوچىغا.

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 10، 11 - كۈنى.

ھەجدىن يانغان يەڭگىل كېمىنى
ئەنبەر پۇراقلىق شامالغا قوشۇپ.

ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققىچە
ئۇ ئەسىردىن بۇ ئەسىرگىچە
ياراتقۇچىدىن ئۆزىمىزگىچە
ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىزگىچە
شەھەرلەردىن شەھەرگە توشۇپ...

كەبىدە ئەرەپ،
قىبلە تۆت تەرەپ
يۈزلەنگەن ئادەم ئادەمگە،
ئادەم قەلبى چەكسىز ئالەمگە.
ئالەمدىن كەلگەن ئاۋازسىز سادا
ئەكس ئېتەر زېمىندا، سۇدا.

كىتابىنى ئاچتىم دېڭىزنىڭ.

مەيىن شامالدا ئەتىرگۈل ھىدى،
سۇدا يالقۇن، ياپراقتا ياراق.

سائەت ئوندىن بەش ئۆتكەن ئىدى
بولۇپ كەتتى كوچا پاتپاراق،
پارتلاپ بىر بومبا يا مىنا
پورەكلىگەن زور قىزىلگۈلدەك
كۆكۈم تالقان بولغاندا بىنا.
تونۇش يۈزلەر كۆندە كۆرگەن بىز
بۇ دۇنيادىن غايىب بولدى تېز،

رېئالىزمنىڭ يوق تەسىرى.
ئۇ پەتنۇستا قانغان ۋاقىت
ياكى بىر مۇخلىسنىڭ گۆشسىز خىيالى.

ئاغزىمدا
چۈشتىن كېيىنكى جەنۇبنىڭ تەمى
چۈچۈمەل، ئەترەڭ، يۇمشاق، شەھۋانى.

چوغ دېيىلسە مۇز ئەگەر
مۇزنى تۇتسا قول كۆيەر،
قولۇم كۆيدى.

ئانام بۇنى چۈشىدە كۆردى.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.



# ئانام كەلدى

شىمال قوۋۇقىنى چېكىدۇ ئانام،
شامال ئەكەلدى تونۇش ھىدىنى.
ئانام بوپتۇ مۇنداق بوپتۇ بىئارام:
بىلەرمۇ نەۋرەم يۇرتىنىڭ تىلىنى؟

ئانام كوچىدا ئاقماقتا سۇدەك،
ئانام سۆزلەيدۇ پاك ـ پاكىز قاردەك.
باقار ئىشىككە ھەربىر پەشتاقتا
قوشنىلارغىمۇ بىر گېپى باردەك.

جەنۇب سۇ
سېۋەتتىكى.
جەنۇب ئۇن
توق ئەلگەكتىكى،
تۆشۈكلىرىدىن چۈشەر تاسقىلىپ.
جەنۇب ئۇششاق قىزىل چىلانكەن
ئانام ئەكەپتۇ خالتىغا سېلىپ.

قولۇمنى ئۇزاتتىم رەڭسىز دۇنيادىن،
چىلان —
ئۆلۈك پەسلىنىڭ سەنئەت ئەسىرى

كەلسە ھەيۋەت يۈك پاراخوتى
لاكاسلايدۇ دېڭىزنىڭ پۇتى.

چۈش كۆرىدۇ دەرەخسىز ئورمان
يېشىل خەلقى قىرىلىپ بولغان.

تۇيۇقسىزلا ئوق يەپ قىرغاۋۇل
قورققان روھى پۇتسىز، قاناتسىز
قېچىپ كەتتى چاتقالغا ئۇدۇل.

كىرىپ قېلىپ شەھەرگە ۋال - ۋال
تۇرۇپ قالدى ھاڭۋېقىپ شامال.

ھەممە يەر ئايال.
تۆمۈردىن چىقىپ ئايال
مۇزدەك قېتىپ قالغان
ئىشكىلەرنىڭ تۇتقۇچىدا،
قولۇپلاردا، كىلىت ئۇچىدا،
لاپىلدىغان لامپۇچكىدا،
لامپۇچكىنىڭ بۇرمىسىدا،
قوڭغۇراقتا، سۇ تۇرۇبىسىدا،
زاۋۇتلارنىڭ ھىڭگاك چىشىدا،
ماشىنىلار قەبرىستانىدا
پارقىرىغان ئەخلەتلەردە.

# قىيپاش ئۆلۈش

باشلىدىم بۇ شېئىرنى
قىڭغىيىپ يېتىپ
كۆك گۈل بەرگىدە گىلەمدىكى،
سۆزلەر بىلەن تالىشىپ جان
ئۆلمەكتىمەن سىڭايان.

دېرىزە يانتۇ ئېچىپ قويۇلغان،
هايات ئېگىك نۇردىن توقۇلغان.

قۇدۇقتىكى شەهەر ئىچىدە
بىز چاقنىغان بېلىق كېچىدە.

كوچىلارنى قاپلىسا تۇتەك
دەل ـ دەرەخلەر ياشامدۇ بىزدەك؟

ئاق قۇشقاچنىڭ مامۇق چاپىنى
قارا ئىستىن تاقاپتۇ بىزەك.

دەريا ئاغرىق، سۆزلەر كېكەچلەپ،
لەيلەپ چىقتى توپ ـ توپ ئاق بېلىق،
قالدۇرمايلا سوغا ۋەسىيەت.

# 34 يېشىم

ئۆتۈپ كەتتى چاقماق چېقىپ،
ئۆتۈپ كەتتى،
دەرەخ، بالا ـ قازا، تىرىك مېيىتلەر.
قايتتى شېھىتلەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ،
قايتمىدى مەڭگۈلۈكنى تېتىغۇچىلار
غازىلارنىڭ ئۆلۈك ئېتى ياتىدۇ كۆلۈپ.
بۇ ئۆزىنى ئىزدەش جېڭىدە
ئىنسانىيەتنىڭ،
ئاخىرىدا يېڭىلگەن رەتنىڭ
شېئىرغا مىنىپ كېتىۋاتىمەن.
ئېيتقۇدەك ھېكايە يوق،
يىغلىغۇدەك بىر ئادەم،
شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر تۇرۇپ.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ
ئىشىككە قاراپ ماڭدىم،
قىش ئېقىپ كىردى
نۇرغۇن سوغۇق نەرسىلەر بىلەن.

34 يىللىق ۋەھىمە ربگى،
34 ھالقىسى نۇر زەنجىرىنىڭ،
تاشلىدىم نەزەر شەھۋەتلىك، يېڭى
قار توختاپتۇ ئالدىدا پەنجىرىنىڭ.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

يالتىراقتىن چىققان ئەرلەر
ئۆچۈپ يۇرەر ھەممە يەردە.

ئايال تىنك،
قىيپاش ئەر.
شەھەر قىيسايغان
بولغانغان يەر.

يەرگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ
بىر كېمىدە بىز ھەممىمىز.
گەر قىيسىيىپ چۆكسە بۇ كېمە
نەدە بولار بىزنىڭ قەبرىمىز؟

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.



ئۇيغۇر بوۋاي ئوتۇن ساتماقتا
ئۆزى تىرىك توغراققا ئوخشاش.
ساقىلىنىڭ ئۇچىدا قۇياش،
مازارغا تىك بازارغا قىيپاش.
بىراق بۇلارنى
ئىنگلىزچە تەسۋىرلەش تۈگۈل
ئانا تىلدا يېزىشمۇ مۈشكۈل.

ئىنگلىز تىلى —
سۆزلەۋاتقان گۈل،
چىشلىق چاق،
سۈزۈك بىر ياغاچ
ئايالغا ئايلىنىش ئالدىدىكى،
تىرناقلىرىنى بوياپ قىپقىزىل
ئازغۇن دۇنيانى كۈتىدۇ بىرخىل
خېرىدارىنىڭ ئۈزۈلمەس چېكى.

يېقىنلايمەن
ئوخشاش بۇرۇتلۇق ھەسەنشېرىككە،
ھەربىر نەرسىگە، ئۆلۈك - تىرىككە،
شېرىنسى شورالغان سۆز دۆۋىسىگە.
كۆڭلۈم كۈندە بولار پاتپاراق
ئەمەس بولغاچ پەرەڭ شائىرى
ماڭا زەھەرلىك، ئاچچىق نام - ئاتاق،
بىلمەي يۈتۈپ سالسام ئىش چاتاق.

شېشىگە سولانغان بىر تال قۇرتمەن
غەزەپلەنگەن ئايال داخاننىڭ
پىل چىشىدەك ئالىقىنىدىكى.

# ئىنگلىز تىلى

پۈرىدىم نەمخۇش سۆزلەرنى
ھېلىنىنىڭ ھۆل چاچلىرىدەك
«ئىلىيادا» دىكى سەھەردە.
سەھەر ئەتىرگۈل بارمىقى بىلەن
دېڭىز بويىدىكى شەھەردە.

ئىنگلىز تىلىدا چىقماقتا شامال
ئوتتۇرا دېڭىزدىن بابىلونغىچە،
يۇمشاق يەرلەردىن يۇمشاق ئەرلەرگە.
ھېرودوتۇس ئۇخلاپ كۆردى چۈش
خەرىتىسىدە قۇملۇق ۋە كېچە.

ئىزلەيمەن
قۇملۇقتىكى سۆزلەرنى،
توغراقتا، تاشلاردا
تېنى يوق باشلاردا
سۆزلەپ تۇرغان كۆزلەرنى،
ئۆلۈش ئالدىدىكى پىكىرنى،
ئۆلگەندىن كېيىنكى پېئىلنى.
كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا
چېچەكلىگەن گۈزەل بىر تىلنى
ئۈزۈپ ئاق قاردىن پۈرايمەن ئاستا.

## $H_2O$

بۇ
ئەتىرگۈلى توزىغان سۇ،
پارچىلانغان، تىلىنغان،
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان،
ئۈچەي - باغرى شىشە قۇتىغا سېلىنغان
سۇنىڭ ئىسكىلىتى؛
ياكى
رەڭسىز، پۇراقسىز، سۇيۇق ماددىنىڭ
خىمىيىدىكى يەنە بىر ئېتى.

ساز چالىمىز قېنىمىز بىلەن
قوڭۇر يەر بىلەن
كۆك ئارىسىدا.

شارقىراپ جىلغىلاردىن چىقىمىز،
ھاياجىنىمىزنى ئېقىتىمىز
قاقاس يەرلەرگە، تاشتىن تاشلارغا.
تىنىمسىز جان بېرىمىز، ئېتىلىمىز
تېنىمىز چوڭقۇرلاپ، دولقۇنلاپ، ياڭراپ،
ناتونۇش كەڭلىكلەردە قېتىلىمىز.

دەريادا كەچ بولدى،
بېلىق قارىنىدا ئۈيغۇر،
سۇ ھەققىدىكى قەسىدە ئۆلدى،

تۈگەتمىدىم بىر ئوقۇپ تېخى.

تىرويا شەھرىدە مەن،
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم كېچىنى.
ئاۋازىم تاشقىمۇ ئاڭلانماس
سىيلايمەن دېڭىزنىڭ ھۆل چېچىنى.

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.



## ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ ئۇپۇقىدا

بىر يىل ئۆلدۇم
قۇرت يېگەن ياغاچتەك،
بىر يىل ياشىدىم سۇدىكى تاشتەك.
قۇمدىكى مىللەتنىڭ يۇلتۇز شائىرى
ئانا تىلدىن ئالتۇن كان قېزىپ،
يېڭى يىلنىڭ دەرۋازىسىدىن
كىردى قەدىم شەھەرگە ئېزىپ.

بوز دۆڭلەردە ماڭماقتا توپا،
توختىغىنى قۇياش ـ كېسەك باش
ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ ئۇپۇقىدا.

شاۋقۇنلىغان تىلى يوق رەستە
تىرىكلەرگە ئۆلۈكلەر ياردەك.
بۇ ئۆيلەردە تېخى بۇلتۇرلا
مىڭ يىل بۇرۇنقى كىشىلەر باردەك.
خاقان روھى تىمتاس ئوردىدا،
چېلىنماقتا يىللار چىلتاردەك.
قۇم ۋە شامالنىڭ ئاياغلىرىدىن
ئىزلەيمەن خانىشنى ئەڭ نەپىس لايدەك.

سىپىل ئۆزىنى تۇگەتمەكتە يەپ،
مىسرالار تىزىلماقتا پىل چىشىدەك.

چۈنكى بۇ $H_2O$ .
ھاۋادا چەكسىز كىچىك ئىككى ئايال
ئىنتايىن كىچىك ئەرنى قوچاقلاپ
ئېرىگەندە؛
لازىر نۇرى تۇيۇقسىز چاقناپ
ئوغلۇمنىڭ مېڭىسىگە چۈشكەندە،
ئۆمۈچۈك تورىسىمان بوشلۇقتا
سۇ پەيدا بولدى.
ياشاۋاتىمەن ۋەھىمىدە...

پەيدا بولدى كۆرۈنمەس سۇ
زېمىندىكى باشقا - باشقا شەھەردە،
نوھنى كۆرمىگەن
كۆرۈنمىگەن نەرسە يوق دېگەن
ئايالدا، ئەردە،
ھاياسىز، ئەما، مەدەنيي ئەما...

سۇدەك سىرلىق، سۇدەك ئۇسسۇز بىز
ۋاقىت ئۆتمەكتە ئاقار سۇدىن تېز.
ئۆز چوڭقۇرىغا قاچماقتا سۇ
سۇدىكى تاردا مۇڭلىرىمىز.

دېرىزىدىن نىگاھلار ئۆچتى،
ئايئاق قارغا قاراڭغۇ چۈشتى.
بۇ شېئىر ھۆل ئىچىدە سۇ بار،
مەڭزىلىرىم ھۆل چۈنكى كۆز ياشلار...

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

# چامغۇر

قەھرىمانى يوق دەۋرلەردە
تۇرمۇش تەمىسىز، ئادەملەر غەمسىز
قارىماققا.
ئەمخانىغا چاپىمىز ئەنسىز
سەيىنگە بولغان بىر تال تىرناققا.

كۆز يامغۇرى يايغىنىدا تور
شوخ ياپراقلار چۈشتى قارماققا.

ئىچىلغان لاي چىچەكلىرى دەپ
نەزمە پۈتتى پۈتۈم پاتقاققا.

مىچىلدايدۇ ئارقا كوچا،
ئوتياش بازىرىنىڭ
ئۇششاق نىرىپلىرىغىچە تا
چىلىڭ تارتىلغان، ئۈزۈلگەن يامغۇر.
پارقىرايدۇ شوخلا، پىدىگەن
پارقىرىماي تۇرۇپتۇ چامغۇر
توپا يۇقى ساقىلى، تۇكى.

تەكلىماكان بويلىرىدىكى
يېزىلارنىڭ قىرتاق تەمى ئۇ.
شورپىلارغا، ئاشقا سىلىنىپ

تىلىم مېۋىسى ئۈزۈلگەن شاخ،
دىلىم غەم چېچىكى ئېچىلغان پۇتاق،
ئىلىم غۇنچىلارنىڭ خەرىتىسىدە،
يىلىم يېڭى بىر نۇر زەنجىرىدە.

كېتىۋاتىمەن ئەرۋاھلار ئارا
ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ ئۇپۇقىدا.

تېرەكلەرنىڭ كۆك ئاغزىدىن
ئانا تىلىم جىمىرلاپ چىقىپ
كىردى جاندەك جىسمىمغا ئېقىپ.

ئېچىلسىدى يەردىن بىر ئىشىك،
پاناھلانسام يۇلتۇزدەك پېتىپ.
يېڭى يىلدا يېڭى شەھەردە
تېرەك تۆپىدىن كەتسەم يول تېپىپ.

2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

قۇم تېگىدە قالغان مەلىلەر
قېچىۋاتقان يېشىللىق ۋە بىز.

كىردى چامغۇر
بىز بىلەن تەڭ
كۆز پەسلىدىن قىشقا كەڭ كەتكەن.
چامغۇر سالغان سۈيۈقئاش بىلەن
مەززىسىز كۈنلەردىن ئىزدەيلى تەم.

شېئىر يازسام مەن يەنە بىردەم
گۈلگە تولار ئىدى بۇ شەنبەم،
بىراق سەن يىراق
ئۆچتى لاپپىدە
قاردىكى يالقۇن.

2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.



يالپاق - يالپاق، ياغدەك مېزىلىك
ئېغىزىڭغا يۈگرىتىدۇ سۇ
شەربەت تېمىپ تۇرغان جۇۋاندەك،
يا ئورمىغا چۈشكەن كۈنلەردە
مۇز قېتىقا چىلىغان ناندەك.

ئىزلەيمىز نۇرنى،
باشقا كۈن كېلىپ.
چامغۇرنى
تىلغا ئېلىپ
بۆيرۈيدۇ تېۋىپ
ئۆپكە كېسەلگە،
خىجالەتتە قالغان ھەر ئەرگە
ئۇرۇقىنى ئىچىشكە دەملەپ
نامازشام قارىغۇسى چۆمگىچە تەرگە.

چامغۇرلار
كۆكى بىلەن بىرلەپ ئىككىلەپ
ئويغانماقتا دۈگىلەك ۋە دۈگىلەك
ئېتىزلاردىن تۇرغان شور ئۆرلەپ.
دېھقان بىر - بىر يۇلار دوڭغاقلاپ
پاتاڭلىرى شۇرقىراپ تەرلەپ.

يەر ئۈستىدە خۇشاللىقىمىز،
يەر ئاستىدا قىزغۇچ - قىزغۇچ ئىز.
قىچىشماقتا قۇرغاق، قوتۇر يەر
قېتىشماقتا چامغۇر يىگىت - قىز.

# يەنە بىر تىرە

كىچىنىڭ تىرىسىگە پارقىراق، ئۇز
يوشۇرۇنغان شۇنچە كۆپ يۇلتۇز
تىلسىزنىڭ،
دەرتمەننىڭ،
شەرۋەتلىك تەننىڭ.
چىكىلگەن ئۇزۇمدەك سىرلىرىم قۇتلۇق
كۆكسىگە باش قويدۇم تولغان ۋەتەننىڭ.
ئەگمىسى سىھىرلىك، قۇملۇق،
جەۋھىرى ئىتىلىپ چىقىۋاتقان چۆل،
تاغلار پۇچۇلانغان ئىچى ئوتلۇق
بوستانلار نازلىنار يىشىل ئەتلەستە.
قۇم كارىۋىتىدا بۇ زېمىننىڭ مەن
تۇرماقتىمەن قايناق ھەۋەستە.
گويا چۇشكۇنلەشكەن ئادەم ئاتا
چۇشەنگەندەك ھاياتنى خاتا
شۇمشىيىپ قالىمەن يەنە بىر پەستە.

بىر كوزا يۇلتۇز بىز ئەزرائىل يۇدىگەن،
يولدىكى بۇلاق بىز دەريادا يۇتكەن.
بىھاجەت، بىھۇدە ئەي قورقۇنچاقلار
بىز ئۆلۈم ئاشىقى يارىنى كۇتكەن.

# ئۈيقۇسىزلىق

تەگ ـ تېگى يوق كېچىدە،
مەن شېئىرنىڭ ئىچىدە،
يۈرىكىمگە سالىمەن قۇلاق.

بارمىقىمنى تەگكۈزۈپ قويسام
ئېتىلىپ چىقار تېنىمدىن بۇلاق.

مېنىڭ ئىسمىم ياتتى كارىۋاتتا،
ئۈيقۇ بولسا قاچتى پاتراقلاپ.

قىيپالىڭاچ چىقىپ تەختكە
تاڭ ئاتقۇچە بولدۇم ئاقساقال
قارغىش تەگكەن بىر قەبىلىگە.

2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

تېپىلمايدۇ ئۇستىخان، تېرە
ئىنسان يەنە سەرسان، يالىڭاچ.

شائىرىمەن زېمىنىنىڭ قاقاس،
تاشلىغاندا قىش پەسلى قاسراق،
بۇ شېئىر قەغەزدە باغلىدى قاقاچ.

2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.



بىر مەھەل ئۆزىنى كۆكتە كۆرگۈچى،
ئۆمىلىگۈچى يا سۇدا ئۈزگۈچى،
ئاستا يۈرگۈچى يا يۈگۈرگۈچى
ھېچكىم ئېشىپ قالماس ھاياتتا.
ئۆمۈر دېگەن بىر ئۇخلىغانچە
كۆرگەن راھەت، ئازاب بەرى چۈش.
ئۆلۈم كۈندە يېڭى بىر غۇنچە،
تۇزۇۋاتقان گۈللەر ئۆكۈنۈش.
ئەي قورقۇنچاق، بولدى قىل ئەمدى
ياشاۋەرمە سىيلاپ - سىيپىلاپ،
دۇنيا تۈيغۇ، تۈيغۇ ھەتتا تاش.
ئىسمىڭ ئۆلۈم ئەي، گۈزەل قىزچاق،
قىزىل گۈللەر تولغان مەيداندا
يىگىت قەلبى چىقارسۇن ياپراق.
ئىسمىڭ ئۆلۈم ئەي، غاپىل ئىنسان،
ياشىساڭمۇ قىلىپ ئېھتىيات.
بولدى ئەمدى نۇتقۇڭنى توختات،
مۇنبەردىكى گالىستۇكلۇق زات.
بىر توپ ئادەم كۆرمەكتە بىر چۈش
يوقاتقانمۇ، تاپقانمۇ ئوخشاش
بەگچە تون، جۇل چاپانمۇ ئوخشاش،
دوكتۇرى ۋە دېھقانمۇ ئوخشاش،
مۆكۈنگەنمۇ قاچقانمۇ ئوخشاش،
دېڭىز كۆكتىن ئېقىپ كەلگەندە
ئۆيلەردە سۇ كوچىدا قاچ - قاچ.

ئون ئىككى مۇقامدا ئاستا ـ ئاستا
سۇغۇرۇلغان ئۈچەي ـ باغرىنى
تارتۇق قىلدى ئۇلار تۇرمۇشقا.
قۇرۇغان دېڭىزدا بېلىقتەك ئايال
بىناۋا ئەرلەر باشلىدى قۇرۇشقا.

3

قار ئۇچقۇندار،
ئەينەكتە
غېرىبلىقنىڭ مۇزدەك شولىسى.
تويلار قىزىغان.
مېھمانلار ھۇشسىز تەڭدىن تولىسى،
شىلەپە ئاستىدا كۆرۈنمەس بېشى.
بەزەن چىرايلاردىن ئوقۇلماس
شېكىسپىرنىڭ تراگېدىيىسى.
نۇرغۇن قەلبلەر قۇرۇقدالغان،
نۇرغۇن قەدەھلەر لىقلانغان.
مەرىكىدىن يېنىپ چىققاندا،
بىر كوچىغا
نۇرغۇن ئادەم زىقلانغان.

4

شېئىر ياۋا چېچەك
چىشلىق چاقلار ئارىسىدا،
ئەينەكتە، پەلەمپەيدە
ئاسفالت يولنىڭ تارىسىدا.

# قەدىمي مىللەتنىڭ
# شوخلۇقلىرى

1

ئانا ساي دەرياسى تىلىمەكتە قۇت،
ماڭغاندا سەپ تارتىپ باتۇر تەگرىقۇت
قىلىن مۇز ئۈستىدە كىشنەپ شاش ئاتلار
ئۇشتۇمتۇت سىيپىلدىن كۆتۈرۈلدى ئوت،
ئېرىشكە باشلىدى قار، شەھەر، ياتلار.
يىگىتلەر قىلماقتا شوخلۇق،
قىزنىڭ قىينى تاۋار كۆرپىگە
مەجبۇرىي يېزىلغان بىر مىسرا ئوتلۇق.

ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە نەرسە
ئايالغا ئېرىشىشتۇر،
ئۆلۈم ئاستا - ئاستا ئېرىشتۇر،
ئاسمان ئاستىدىكى
كەڭ يەرلەرنى قىلىپ سىلىنچا.

2

بۇندىكى ھەر بەندە بىر ناخشاۋەندە،
بۇندىكى ھەر ئادەم قۇرۇق ياغاچ
ياسىغلى بولار داپ، راۋاپ.
ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا،

تولۇپ ياڭراق سۆيگۈ ناخشىسى
كېلەر ئۇيغۇر يۈرىكى قولدا...

2005 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



تۇغراقلار چىقتى
قىشلىق تۇرمىدىن،
كۆكلەمنىڭ گۈزەل دالىسىغا.
شېئىر شائىرنىڭ يارىسىدا
قىچقىرىپ، ئېغىز ئېلىپ، بىخ چىقاردى،
ئۇلار ھاردى لېكىن چىقمىدى
تۆكۈلىرى چۈشكەن شەھەرلەردىن.
سەھەرلاردا نورۇز شادلىقى
ئۆرلىمەكتە ئىسسىق ھور يەردىن.

5

ئۇپۇقتىن تارتىلدى كىرىچ،
مەغرىپتىن مەشرىققىچە
ئايرىلىقىمىز.
يوقتىن ئىچى يورۇغان مىللەت
يوقلۇق دەرياسىدا بارلىقىمىز.
ئۆلۈمگە لايپاسلىق ئەمەسقۇ ئىللەت؟
ئەي، تەنتەك قەۋملەر كېتىۋاتقان تېز!
قۇم ئاستىدا قالغان شەھەرلەر —
گۇمراھلىقتا بىز قالدۇرغان ئىز.
بىز بىلىمىز ھالاكەت نېمە،
بىزنى قالدى ئارقىدا دېمە،
قۇمدىن لەيلەپ چىققان بوستانلار
زور توپاندا بىز چۈشكەن كېمە.
نۇرلىرىنى سېپەر ئەگىم ئاي،
باغ سايىسى، مەسچىد شولىسى
جىمىرلىغان تېرەكلىك يولدا،

سەكسەن خالتىنىڭ ئالدىدا رايىش
قۇرۇتۇلۇپ، تاسقىلىپ، چىچىلىپ
قەدىمىي بىر كوچىنى قىلار نامايىش.
تۇرار ئىچىلىپ
هايات بوستانىدا يازۇ - قىش،
غەرب تىبابىتى كەلسىمۇ بىسىپ.

زىھنىم مارجاندەك چىچىلىپ،
كۆزۈم ئورماندەك قاراڭغۇلىشىپ
ئىچىم پۇشۇپ، پىغان توشۇپ
باشلىدى كىسەل ياماشقىلى
تېرەمگە، تېرەمدىن ئىچ - باغرىمغا.
قىل ئۇستىدە كېسەلچان شائىر،
قەسىدە قانداق كەلسۇن ئاغزىغا؟

ئوكۇل ئىقىپ كەتتى، پۇل ئىقىپ كەتتى،
شىپاسىز داۋالاش، ئۆلۈكتەك ياشاش.
جېنىم جىق ئىكەن، جان چىقىپ كەتتى
سەن نەدە ئىدىڭ هەي، تىۋىپ ئاداش؟
بىلدىم كىيىنرەك
مەجۇنلىرىڭنى، مەلھەملىرىڭنى، كاشكاپلىرىڭ-
نى،
قۇۋۋەت تاپقاندا ئۆپكە، تال، بۆرەك.

ئۆلۈم يىتىمدا
شادلىق، كۇلپەتتە
پىشقان مىللەتكە
كىسەل يىڭى ئەمەس ئۆلۈم يىڭى،
كۇنلەر يىڭى يورۇق ئەلۋەتتە.

# تېۋىپ

زۇۋانغا كىرىدۇ
نەم ئويغانغان گۈلتاجى،
ھەم
ئوغرى تىكەن چېچىكىدىكى شىپالىق شەبنەم
كەلدى دەپ باقى ھاجى، ئىمىن ھاجى.
چۈچۈك بۇيا يىلتىزى ئاچار كۆزىنى
سېمىز ئوت ناز بىرلە كۆرسىتەر ئۆزىنى.
يانتاق شېكىرى ئايىم يېگەندەك ۋايىم
كېلىشكىنىز ئەمدىمۇ دەپ ماي تارتىپ
ئاياپ قويماس ئاچچىق - چۈچۈك سۆزىنى،
بەزەن گىياھلار چىقىرار ياپراق
بەزىسى سۇكۇتتە چاچار خۇشپۇراق.

مانا مۇشۇنداق
كەلسە ئىزدەپ ئۇيغۇر دورىگەر
بەس - بەستە سالام بېرەر
دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر،
نەچچە مىڭ يىللىق قامۇستىن چىقىپ
نەچچەن قوللاردىن، چۆللەردىن ئۆتۈپ
يەنچىلىپ، كۆمۈلاچلىنىپ ياكى ئېقىپ.
توپا باسقان بازارلاردىكى

## يەلتاشما

تەن ساقلىق ئادەمنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن تاج، پەقەت كېسەللەرلا ئۇنى كۆرەلەيدۇ.

— ئىبنى سىنا

قاچما، قاچما،
قاردىكى قىزىل گۈلدەك
تاردىكى مۇڭلۇق ئۇندەك
ساغلاملىق قاچما!

تېنىمنىڭ تۇزلەڭلىرىگە، ئويمانلىرىغا، ئورمانلىرىغا قىزغۇچ بېسىپ كىردى يەلتاشما.

قولدىن كەتكەن چېگرالار. ماموق تۆشەك ئۈستىگە كۆن شولىسى چۈشكەندە مەغلۇپ بولغۇچىغا خاس سەۋر بىلەن ئاھا-نەتتەك ئاچچىق كومۇلاچلارنى يۇتىمەن.

قان رەڭلىك چاي، تاجى ئوت خوراز، مامكاپتەك خۇشال-لىق، ھاياتقا سېلىنغان تۇز ۋە گۇناھكارنىڭ پېشانىسىدە چاق-نىغان يۇلتۇز.

توشقۇزدۇم ئىسمىمنى ئاق كىيىملىك مۇنكىر - نەكىر-نىڭ قولىدىكى جەدۋەلگە، مەن ئۆلۈپ ياشىغۇچى.

قوتۇر باسقان، قىچىشقاقان تېرەمنى كىيىپ چىقتىم دوختۇرخانىدىن، مەن تىرىك ئۆلگۈچى.

يەلتاشما،
خۇددى تېرە ئاستى شەھىرىدەك

كاپ ئەتتىم ناشتىدا
سۈپۈپى بىخ مارجاننى،
ئۈمىدسىزلىك پەسلىدە ئاستا
ئالماشماقتا قىش بىلەن ئۈمىد
يېشىل تېرە قاپلار جاھاننى.

2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.



## غېرىبنامە

— رەھمەتلىك بوۋام ئەمراخۇننىڭ تۇپرىقىنى چۈشۈمدە تاۋاپ ئەيلەپ.

ئۈرۈمچىگە قوندى بىر قاغا
قاغىلاردىن ئۆلۈم ئاتلىقى.
توزۇپ ئۆيلەردىن ئايەم شادلىقى،
قالمىغاندا ھېيتىنىڭ تاتلىقى.
تۇپراق بېشىڭ چۈشۈمدە ئايان،
ئۇمتۇلدۇم شۇئان ئانا يۇرت تامان.
ئۆپكەم ئېسىلىپ بوينۇم قىسىلىپ
قىلماق بولدۇم بۇ خەتنى تامام.

يۈزى ياشارغان ئاق ساقال ئەرۋاھ،
ئۆزگە دۇنيادا ئۆمرۈڭ پەرۋازى.
كېلىپ قالغان بولسام يادىڭغا
كۆپ يىللار سوڭ بول مەندىن رازى.
قىلىپ ـ چەمى يوق باقى ئالەمنىڭ
يوق يىرتىقى، قىشى يا يازى.
موزدوزلۇقۇڭ قالماپتۇ بىزگە
قالغىنى يىللارنىڭ ئەبجەق سازى.
ئۆتنە ئالەم دەيدۇ تەڭشەلگەي
ئاللا ئىگەم بولۇرلار قازى.
يوق دەپتىمەن ئەسلى باركەنسەن

قىزغۇچ بىنالار چوخچىيىپ چىققان.
خۇددى جىمجىت قىرغىنچىلىقتەك
ئۈستىدىنمۇ ئاستىدا جىق قان.
خۇددى مۇزدىكى يۇلتۇزلاردەك
تېرەمدىن چاقنار بىر - بىرلەپ.

بۇ ئىگەمنىڭ خېتى، ناشۇكۇرلۇكلىرىم ئۇچۇن تېرەمگە پۇتۇپ قويغان.
بۇ «تۆت تادۇ» نىڭ ئەسىرى خىلىتلىرىمغا كېسەللىك ئويغان.
بۇ ئوتنىڭ ئىستىلاسى سۇغا بولغان.
بۇ هاۋانىڭ قارغىشى تۇپراقتىن تويغان.
بۇ بىر قىستۇرما كۈي، ئۇدارى ئوخشاش كۈنلىرىمگە.
بۇ بىر يېڭى ئازاب، ئازاب شادلىقنى سەزمەس بولۇپ قالغان تېنىمگە.
بۇ بىر بەلگە ئۆزگە تەرتىپتىكى دۇنيادىن ۋە ياكى مەلۇم يۇلتۇزغا باغلىق ئىشلاردىن ئۆزگىرىۋاتقان كائىناتتىكى.
بۇ شەھۋەتسىز ئانار دەرىخى كەپىسى ئالدىدا ئېچىرقىغان دەرۋىشنىڭ.
بىر تامچە سۇدىن چىقىپ ئۆزىمىز، ساناقسىز تۆشۈكلەردىن ئۆتىمىز، هايات نىهايەت سۇنىڭ ئىزى.
بىر تامچە سۇدىن چىقىپ بىز، كەڭ دېڭىزغا ئېقىپ كېتىمىز، بۇ بىپايان يوقلۇق دېڭىزى.

2005 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

# كۆكلەم كەلمەكتە

كەلمەكتە كۆكلەم،
يۇمشاق، نەم
دەرەخ تۇۋىگە
بۈرمىسىمان كىرىپ كەتتى قىش.
تېرە - تەرمەي بىر ياغلىق بىدە
مۆشتەك بىر قىز بولدى رەسىدە.

ئېرىمەكتە
سۇزۇك كۆڭلەكلىرى ئىچىدە
چىمىرلىغان سۇنىڭ تېنى،
قوزغاپ يەرنىڭ هاياجىنىنى.

ئۇرۇك دەرىخى چېچەكلىدى
ۋاڭگوكىنىڭ رەسىمىدىكى،
تېخىمۇ هالرەڭ بۇ غەملەر ھىدى.

ئاچتىم دېرىزىنى
روھىمنى ئەمەس.
پۈرىدىم چېچىكىنى
روھىڭنى ئەمەس.
تىرىلگەنلەر تۇپراق ئاستىدا
تەرلىمەكتە، ئالماقتا نەپەس،
ئۇرۇق يۈگۈرەر قاراڭغۇلۇقتا،
تاشتى قايناپ دىلىمدا ھەۋەس!

يوقىلالماس ھېچ مەخلۇقاتى،
پەقەت ۋاقىت تۇرىدۇ ئايرىپ
بىر پەردىدەك بار قاتى ـ قاتى.
كۆتۈرۈلسە پەردە يۈزلەردىن
بىر مەيداندا ئۇل ئىنسان زاتى.
ئادەم ئاتا باشلىق ئۇزۇن سەپ
ھېچ كەم ئەمەس جان ـ مەخلۇقاتى.

بىر قاغا ئۇچتى، چۇشۇمگە چۇشتى،
ھايات ئەسلى شۇنداق بىر چۇشتى.
كىرپىكلىرىمدە يۇلتۇزلار ئويناق،
بۇ نەزمىنى يازدىممەن ئويغاق.

2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۇنى.



# يامغۇر پۇرىقى

تاشنى يېگىلى بولىدۇ
دەردنى بولمايدۇ،
بۇ شەھەر ئادەم دېڭىزى
كېچە - كۈندۈز ئېقىپ تولمايدۇ.
غېرىبلار ئۇزۇپ يۈرگەن رەڭدار بېلىق،
غېرىبلىق ۋالىلدار توپا قونمايدۇ.
مۇنار ئۈچىدا سائەت ماڭماقتا،
بىكەت ئالدىدا خەقلەر ماڭماقتا،
ماشىنا چاقى ماڭماقتا بېسىپ
غېرىبنىڭ ئۆتمۈشىنى، كەلگۈسىنى.
كۆردۈم ئۇ كىشىنى
ئېغىر ئاياغ خوتۇنى بىلەن
ئۈچ باشاقتەك ئۈچ ئوغلىنى ھەم.
تۇراخۇن ئۇستام تەڭلىكتە قاپتۇ،
مۇڭدىشىش ئېرىۋاتقان قوغۇشۇن،
چىراي مۇقاۋىسىز كىتاب،
ۋاقىت چىراينى ئۆزگەرتكەن نىقاب.
يامغۇر پۇرىقى
مەلۇم يەردىكى مەلۇم بوۋاقنىڭ
ئۇشتۇمتۇت ئەجىلى توشقانلىقى.
ئۇشتۇمتۇت يۈزلەر ئالماشتى،
جەنۇبنىڭ بىر يۈزى يېشىل،
يەنە بىر يۈزىنى كۆيدۈرگەن ئاپتاپ.
تاشلاپ ئۇ ياغاچ - تېشىنى

بىر تال گىياھ ئاستا سۈرئەتتە،
دەرەخ يېزىلدى يېشىل دۈۋەتتە،
بىر ئوت سىرلىق كۆيەر يۈرەكتە،
چۈنكى كۆكلەم كەلمەكتە.

2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.



# بىھى يىگەن باللار

قىشنىڭ تەمى قالمىدى.
ئىگىز پەتنۇستا ئارىمىزدىكى
بىر نەچچە تال سىپسىغان بىھى
مونەكشىپ ـ مونەكشىپ چىقماقتا قىشتىن.

غىزا يەۋىتىپ شۇنچە ئىغىر بىز.
دىرىزە يىنىدا ئولتۇرغان قىز
كۆيۈپ تۇرغان كۆك شامدەك ئىگىز.
كوچىغا غەمكىن بېقىپ،
سۆڭىكىمىزدە چاقماق چېقىپ،
بۇ شەھەردىن كەتتى ئېقىپ،
چۈنكى ئەر ئۆلگەن.

ئەر ئۆلگەن شەھەردىن چىقىپ
سەن خوتۇن ھەققىدە سۆزلىدىڭ.
ئەر ئۆلگەن قەغەزدىن چىقىپ
مەن شېئىر توغرىلىق سۆزلىدىم.

— شائىرلارنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىدۇ...

بىز بۇ شەھەردىكى ئىككى شائىر، ئىككى يارا، قورقۇپ تۇرغان ئىككى قاراقچى.
بىز پاشىمۇ ئۆلتۇرۇپ باقمىغان ئىككى قاتىلدەك شېئىر

ئېلىپ چىقتى بېشىنى
جەنۇبتىن.

تۇراخۇن ياغاچچى
ياغاچتىن چىقىپ تاشقا ماڭدى،
غېرىب ـ مۇساپىر بولۇپ قالدى
يۇلتۇزى تولغان كەنجىسى ئۈچۈن.
ئۈچ ئوغلى چىلەكتىكى يۇلتۇز،
يوللاردا سىلكىنىدۇ، چايقىلىدۇ.
يۇرت ئىچى تار، پايلاۋاتقان كۆپ كۆز بار
قورساقتىكى تۇغۇلمايلا بايقىلىدۇ.
يۇلتۇزدىن قورقىمىز كېچىلەردە
يالپۇزدىن ۋەھىمە تارقىلىدۇ.
يامغۇر پۇرىقى
مەلۇم بىر بوۋاقنىڭ مەلۇم جايدىكى
ئاقار يۇلتۇزدەك ياشاش چېكى...

تۇراخۇن ئۇستامدىن گەپ سورىدىم،
قۇمدەك غېرىبلىقنى يەپ سورىدىم.
ناتونۇش دۇكانلار، مۇزدەك كوچىلار
تونۇش بوۋاقلار باقار كۆكتە جىم.

گويا ئۇپۇقتىكى ئەتىرگۈلدەك
ئېچىلىپ قالدى قەلب يارام.
شېرىن قىچىشماقتا تېرىلىرىم،
يامغۇر پۇرىقى بېرىدۇ ئارام.

2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

بېھى ھارۋىسى تارتىۋېلىندى.
بېھى يېگەن باللار
شائىرغا ئەگىشىپ
ئەتىيازدىكى كۆك دۆڭلەردە
ئاقار ئايلىنىپ ئەگىزگە.

2005 - ئاينىڭ 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.



يېزىپ ئاجايىپ ئىش قىلماقچى.
بىز ئىغىر بېسىقلىقتا ئۆلۈكتىنمۇ ئاشۇرۇۋەتمەكچى،
چۈنكى بىز شائىر.
ناۋادا بىز مالائىكىلەر ھەققىدە توختالساق، ئۇلار ناشتىغا ئولتۇرغاندا داستىخاندىكى قەھۋە قوشۇقىغا كۈن نۇرىنىڭ قانچە گرادۇس چۈشكەنلىكىنىمۇ ئويلىشىمىز.
بىز ۋاقچىراق قوپۇپ بالدۇر ئۆلگەنلەرنى ئەسلەيمىز.
پاجىئەلەرنى ئاڭلىغاندا ئاغزىمىزنى بۇرۇنقىدەك قىيسايتىپ، ھۇزۇر بىلەن كېرىلىپ، پەرۋاسىز ئەسنەيمىز.
چۈنكى بىز تراگېدىيىدىنمۇ بەك گۈزەللىككە كۆڭۈل بۆلىمىز، خۇددى ئىس چىقىۋاتقان مىلتىق تۆشۈكىگە دۇمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئېتىزلاردىكى قوناق پۆپۈكىنىڭ يەلپۈشىدىن ھاياجانغا چۆمگەن دېھقاندەك.

ئاشپۇزۇلدىن چىقتۇق تېز،
كۆلەڭگىدەك بىز.
كوچىدا ھەقىقىي كىشىلەر توپى.
ھارۋىدا بىر بوۋاي بېھى ساتماقتا،
ئەتىياز كېلەي دەپ قالغان.
جەنۇب باغلىرىدا مېۋىلەر ئېسىل،
ساقلايدۇ ئۇيغۇر ئۆزىدەك يېشىل،
پەسىللەردىن پەسىلگە ھامان.
قۇياش قان ئەمەس نۇر چاچماقتا،
تاش تارىخ كىتابىنى ئاچماقتا.
قارا قارنى مىچىلدىتىپ،
قارا گۈلدەك لاي چېچىپ
كىشىلەر قاچماقتا
تۆت ئەتراپقا.

# يالغۇز سۆگەت

توقۇيدۇ سېۋەت
سۆگەت شېخى ئىچىدە،
قىزىل چاچلىق جىنلار كېچىدە.

چېلىنماقتا شامالدا قولسىز
سۆگەتنىڭ ئەگمەچ ئىسكىرىپكىسى.
ئەگرى ـ بۈگرى كوچىدۇر ئىچى
جىم تۇرغىنى لىق بىزدەك كىشى.

ئېرىق بويىدا يارنى ئويلاپ
سۇ يۈگۈردى تېنىمنى بويلاپ.
سۇ يۈگۈردى تال ـ سۆگەتلەرگە
باھار تىۋىشى قالدى يېقىنلاپ.

چىقارمىدۇق تېخى گۈل، ياپراق،
باھار كۈنى مۇڭغا پاتقان كىم؟
كۈيلەر يېشىل تىلىدا قوۋزاق،
بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالدىم جىم.

مايماق ـ سايماق بىر مىسرا سۆگەت
چىققان زېمىنىنىڭ يۈرىكىدىن.

2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

# ئوچۇق

دېرىزە ئوچۇق،
كۈنىنىڭ سۇمبۇل چېچى كىرمەكتە ئۇچۇپ
شىرەدىكى قەغەزدە ئاسمان.
ئۇزاق ھىجراندىن توختىدۇق چۆچۈپ
بىز بۇ قىشتىن چىقمىدۇق ئاسان.

يەر ئوچۇق
ناخشا ياڭرىتىپ چىقتى بىر ئورۇق،
يۇمران، يېشىل قىزلار ھەممە يەر
ئېغىزمىنى تەر، تېرىلدى لاي ئەر.

قولۇم ئوچۇق
ئىككى كەپتەر قىزغۇچ تۇمشۇقلۇق،
قوندى كاتقا، مەيدەمنى چوقۇپ
مەن ئاتىدىم ئۇنى كۆكلەم دەپ.

دېرىزىنى ئاچسام،
راست، باھار كەپتۇ.

2005 ـ ئايىنىڭ 3 ـ ئايىنىڭ 26 ـ كۈنى.

ئايالنىڭ تېنى بىر
نازۇك، ئەگمە ئىسكىرىپكىدەك
ئاتا قىلار تەرتىپ، كۈي، ھەرىكەت.

بالاڭ يىغلىدى بۆشۈكتە، ئانا،
مىللەتنى تەۋرەت، دۇنيانى تەۋرەت.

ئۆي ئىشى
ئۆمۈچۈك تورىدەك
ئاپتۇ سۇزۇك قورشاۋغا سېنى،
ئەسلىدە خانىش ئىدىڭ
پادىشاھ دەپ بىلەتتىڭ مېنى.
ئەسلىدە ئىدىم خاقان
ئاق ئېتىغا مىنىپ سۆيگۈڭنىڭ
دۇنيانى ئۆز ئىلكىمگە ئالغان.

يىڭنە تەشتى قولۇڭنى
جاھان كۆزى بولدى قان.
مەن ئۇخلىدىم دېۋىدەك
بوسۇغىدا ئاتتى تاڭ.

بىراق
تەن ئۇپۇقى ۋە يىراق ــ يىراق
كۈن غېرىبقا ياقمايدۇ چىراغ.
مەدەنىيەتنىڭ يات شامىلىدا
مۇزدەك تۆمۈر، يوق ئىشقى ــ پىراق.
تۆمۈر خوتۇنلار ئالدى شەھەرنى
ئەرلەر ئۆزىدىن غېرىب ۋە يىراق.

# ئۆي ئىشىغا مەدھىيە

ئايال پىشتى،
ئەنجۈر شېخىدا
چۆمۈپ ئەنجۈردەك قۇياش نۇرىغا،
ماڭالايدىغان بىر توپ ئالما ئۇ
ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرمەكتە.
ياپراقسىز جۈمەكتە چېچەكلىدى سۇ،
سۇپۇرگە ئۇسسۇلدا گىلەم كۆلمەكتە.
سۇرتۇپ پارقىراتقان رۇجەكتە
ئاسمان كۆپكۆك خىيال سۇرمەكتە.
توپا باسقان ئۆي جابدۇقلىرى
قۇتۇلدى ئېغىر يۈكتىن بىر يولى
قەدىمىي خەلقتەك يېشىلگەن سىرى.
يۇيۇلۇپ قاتلاندى كىيىم - كېچەكلەر
قىلىچتىن ئىتتىك دەزمالدا قىرى.

ئايال
سۇدىكى بېلىقتەك
قوللىرى چاقنار
قازان - قۇمۇش ئارىسىدا.
نازۇك بارماقلىرى
قالايمىقان ئۆيلەرنىڭ
بوم تارىسىدا، زىل تارىسىدا.
رەتسىزلىك ئىچىدە زور ئوركېستىر

## ئۈرۈمچىدە مۇساپىر

(ناخشا تېكىستى)

بىر تال غازاڭ
بىر تال پەي
بىز تەقدىرنىڭ قولىدا.
قارىياغاچلار كۆپەر ھەي
مۇساپىرنىڭ يولىدا.

ئادەم دېگەن ھۆل نىمە
قارىياغاچتەك كۆيمەيدۇ.
يارىڭ سېنى سۆيمىسە
دۇنيا سېنى سۆيمەيدۇ.

دۇنيا، دۇنيا تاشلىدى
يۇلتۇز كۆزىن ياشلىدى.
ئۈرۈمچىدە غېرىب كۆپ
ئادەممىدى، تاشمىدى؟

غازاڭ بىز بىر تال
يوق ھاۋادا يول.
بىزنى يەردىن تېرىپ ئال
ئەي مېھرىبان، ئۇلۇغ قول.

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

ئال خوتۇنۇم چۆمۈچنى،
نازۇك گۈل ئۇ ئېچىلىپ تۇرغان.
ئال ئىشقىمنى، ياۋايى كۈچنى —
يىمىرىلمەس تەختىنى قۇرغان.

سەن ئايال بول، ئېخىمۇ ئايال
مەن ئەر بولاي ئاۋۋالقى ئاۋۋال.
بىز جەننەتكە قايتىپ كېتەيلى،
ئىنسانىيەت تاپماستا زاۋال.

2005 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.



خۇشپۇراق لاي ئوخشار پوقۇڭغا.
ياخشى كۆرسەڭ قويۇپ بېرەي مەن
مىلىنىۋال ئوغلۇم توپىغا.

تىلىڭ چىقتى كاككۇكتىن بۇرۇن
ئېتىلىسەن «داددا، داددا» دەپ.
قىسىپ بەرسەڭ ئەركىلەپ بويۇن
بىز سۆيەرمىز «هاببا، هاببا» دەپ.
شۇنچە سۆيسەك ئېرىپ كەتمەيسەن،
كەتمىدى يا تېرەڭ نېپىزلەپ.

ئىككى چۇجەڭ ئۇخلار زاۋالدا
«ئوخچىش...» ئىكەن ئۇيقۇڭنىڭ ئىسمى،
تۇمشۇقى ئەتىيازدا، قۇيرۇقى يازدا.
يۇلتۇزلار پىشايۋانغا سەن چاچقان دان
كېچىلەردە قورسىقى ئاچسا.

باغچىغا ئېلىپ چىقسام ئىككىڭلارنى
چىقتىڭ سەن ئاق پىلىنىڭ خارتۇمىدىن.
پاتمىچۇقتەك ئۆمىلەپ بىردىن
ئاكاڭ كىردى تاۋۇز ئىچىگە
تاۋۇز كىردى قىزىل كېچىگە.

قىلىقلىرىڭ، ئاۋازىڭ، هىدىڭ
ئاۋات قىلدى غېرىب خانىنى.
بۇ ئىككىنچى ئەتىياز سېنىڭ
ياشارتقۇچى ئاتا - ئانىنى.

# ئىككىنچى ئەتىياز

قوزام ئېھسان
تېرەكلەر پوتلا چىقاردى،
تالا يېشىل قانات چىقاردى
بىز تالاغا چىقايلى.

قاردىن يۇگۇرۇپ چىقتى چاچلىرىڭ
ئەگىز سۇيى ئايلاندى سازغا.
تەتە ئېتەي تايتاڭلاپ ئۆزۈڭ
مېڭىپ كىرگىن بۇ ئەتىيازغا.

يۈرىكىمنى سۇ قىلار مېنىڭ
قۇشتەك يۇمران دەسسەپ مېڭىشىڭ.
سۆيۈپ، سىيلاپ، پۇراپ قانمايمەن
پىشۋاتقان چىلگىدەك بېشىڭ.

بېشىڭ باھاردىكى گۈل قەسىدىسى
ئىككى قاينام چۆگىلىمچىڭ.
ئاغزىڭ مىڭ بىر كېچە قىسسىسى
سۇتلۇك قوناق سۇتتەك ئاق چىشىڭ.

ئايلىنىپتۇ چىملىقتا شامال
ئۆزى ماڭار ئويۇنچۇقۇڭغا.
قولۇڭ تەگكەن شېغىل تاش خۇشال

# ئانا تىل

1

يامغۇر يىغلىدى ئۆزىگە،
گۈلگۈرت پۇرىقى كېلىدۇ يەردىن.
بىز بىر قەۋم ئاق قاردىن ئۆزگە
تېرەكتىكى قار يۇلتۇزىدەك،
بىز پەرقلىق گۈل، تېرەكلەردىن.
بىز بېلىق ئەمەس، ئاستا - ئاستا تاش،
بىز ئۆلۈش ئەمەس ئىچىدە ياشاش.
بىز تۇيۇقسىز
دېڭىزدىكى كوچىدا
يۇتۇۋاتقان ئاۋازىمىزنى،
تىڭشىغۇچى،
سەدەپتەك تىمتاس.

2

ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىۋالدۇق،
قىرلىق بوران ئۆتمەكتە چاقناپ.
بېلىق قارنىغا كىرىۋالدۇق،
ئاغزىمىزدا گۆھەرنى ساقلاپ.
قۇرۇق ياغاچقا كىرىۋالدۇق،
ئۇيغۇر تىلى چىقاردى ياپراق.

يوپۇرماقلار چالار ئەركىن ساز
يازمۇ غېرىب بولماس ھامىنى.

كۆز نۇرۇم ئېھسان،
قىش قىلىچى سۆزلەپ ھېكايە
ئاق قەغەزدە قاچتىممەن مايماق.
مەجنۇنتاللار تاشلىسا سايە
كىرپىكىڭ دەر: دادا، مېنى باق!

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.



# كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش

چىقتىم تۆت كوچىدىن
ئاسما كۆۋرۈككە،
ئاسمانغا.

ئاسمان شوتىسىدا
تاماشا قىلىمەن يەرنى،
بابىلدىنمۇ ئاۋات شەھەرنى.

ئادەم ئادەملەر ئارىسىدا
ئىزدىمەكتە ئۆز يولتۇزىنى.

قايتىپ كۆكتىن تۆكتۇم قەغەزگە
ئىچىمدىكى سۆز يولتۇزىنى.

سېنىڭ گۈزەل ئەگمە كۆۋرۈكۈڭ،
تۈن دەرياسى ئاقار ئاستىدىن.
سۆيۈشتۇق بىز گۈل ۋە شەبنەمدەك،
بىز ھاياتنى سۆيدۇق باشقىدىن.

ئىككى ياقىقا قارايمىز پات ـ پات
كۆزىتىسەن ئەي كۆرۈنمەس زات،
دۇنيا بىزگە ئىكەن پىلسىرات.

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

3

«نادانغا قىلغان ئىسسىت سۆزۈم
ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم».
يۈزۈم يورۇق ئانا تىل بىلەن
كۆزلىرىمدىن ياش ئەگمەگەندە،
كۈلگەندە،
قىلغاندا توي.
ئانا تىل ئۆلگەندە
ئوغلۇم، مېنى تىرىك كۆمۈپ قوي!

4

كەلدى نورۇز،
شامال غۇر - غۇر.
ئويمان - دۆڭلەردە، قۇملۇق، كۆللەردە
چېچەكلەر توپ - توپ قەدىمكى ئۇيغۇر.
ئېرىمەكتە،
سۆگەتتە سەن
دىلدا ۋەتەن.
نازۇك چېچەك ئانا تىلىمىز،
بۇ چېچەكتە شېئىر بىر شەبنەم.

2005 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

بىردىنلا
ئېچىلىپ ئىشىك ئاسماندىن
تۆكۈلدى تەڭگە - تىللا،
غېرىبنىڭ ئالىقىنىغا.
يىلتىزلىرى چوڭقۇر بەك چوڭقۇر
سۇسىرىغان ئۇرۇق - قەۋمىنىڭ
جان قوشۇلدى قاخشال جېنىغا.

تۆشۈك ياز ئۆتۈپ،
قان ئارىلاش يامغۇردىن
چۈشكىنىدە دۇنيا قېنىغا
توپلىنارمىز نوھنىڭ يېنىغا.
لاي - پاتقاقتىن تارقىلىدۇ نۇر،
يېشىل رەڭدە تىرىلەر ئۇيغۇر،
بىر توپ جۇجەم كۆكلەپ زېمىندا.

هەي باللار، قاراڭلار
يەرگە ئەمەس ئاسمانغا،
ئۇژمە پىشتى،
تۈۋىگە چۈشتى.

2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

# ئۈژمە پىشتى

كۈن قوزا چۈش بولغاندا
سايىلەر ئۈزاردى،
گۈل ئۆچتى.
كۈننىڭ يالقۇنى كۆك رەڭگە كۆچتى.
هويلىسىدا ئۇيغۇر دېھقاننىڭ
ئۈژمە پىشتى،
تۈۋىگە چۈشتى.

قاراقۇمچاق غېرىب باللار
يەيدۇ ئۈژمە تېرىپ باللار.
غەمسىز بالاغەتكە يېتىپ،
ئىشقى - پىراق دەردلەرگە پېتىپ،
كېتەر تىم - تىم ئېرىپ باللار.

يازنىڭ يېشىل تورىدا
تىپىرلاشقا باشلىدى دېھقان.
ئۈژمىلەر ئاقاردى كۈن نۇرىدا،
ئۈژمە دەرىخىدە سۇ بىلەن ئاش - نان.
يوپۇرمىقى پىلە قۇرتقا يەم،
قوۋزاقلىرى خوتەن قەغىزى.
هاياتلىققا ئىزدەپ يېڭى تەم
يەر ئاستىدا ماڭار يىلتىزى،
شاخ - شۇمبىسى ئوچاققا ئوتۇن
بىر ئاي پىشىپ قۇرار ئاق ئىزى ...

بەشىنچى قەۋەتتىكى ياش قورقۇنچاق
ئۆدۈلدىكى رۇجەككە قاراپ
شېئىر يازدى ئېغىر، خۇشپۇراق.

ئۆدۈلدىكى بىر جۈپ كۆز كىمنىڭ؟
يا ئەزرائىلنىڭ، يا مۈشۈكنىڭ.

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.



## توپا رەڭ ئاپتاپ

شولا چۈشتى كۆك ئاسماندىن،
پىلىك گۈللەر قاچماقچى غىپلا
يېشىل قولىدا
ئارتىلىپ تامدىن.
باغ شورىسى سۈتلۈك ئوت،
ياز كېلىدۇ ئۈشتۈمتۇت،
سۇ سۈزۈك غەم، ھاۋادا يالقۇن.
مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلدۇق،
كۆنلەر كۆيۈپ توشتى قىزىل قۇم.

توپا رەڭ ئاپتاپ،
ئاپتاپ كەينى بىر قارا ماماكاپ
چۈمۈلە ئەنسىز ھەپىلەشمەكتە
ئۇ تېرىقتەك كىچىك بىر نەرسە.
توزىدى كۈندۈز، شامالدا ئۈنسىز
لاي دەرياغا ئالتۇن كۈن پاتتى،
قاراڭغۇلۇق قەغەزگە ئاقتى.
غەم يۇلتۇزلىرى چېكىلگەن ئۇزۇم
سۈيۈق كېچە بوشلۇقتا قاتتى.

ئىچىمدە بىر يورۇق دۇنيا بار.

قولۇڭدا بىر نۇر بىلەن يىڭنە
مېھىر بىلەن قادىدىڭ تۇگمە.
گۈل قېتىدەك پارچە ئىشلاردىن
تۇرمۇش شۇنداق ئايلىنار گۈلگە.

تۇشۇكىدىن ئۈزۈك تۇگمىنىڭ
دۇنيا قېنى؟
كۆرۈندى قىلدەك.
گېنېرالمەن، شاھ مەن كوچىدا
سۆيگۈ مېنى زور قىلدى پىلدەك.

ئالتۇن تۇگمە قولۇڭدا، خوتۇن،
قادىغىنىڭ ئالتۇن تاج ماڭا.
قانداق كۇيلەي شېئىردا سېنى؟
قانداق رەھمەت ئېيتاي مەن ساڭا؟

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.



# ئۈزۈلگەن تۇگمە قەسىدىسى

بىز چاقنايمىز تالادا، ئەمما
ئائىلىدە ياشايمىز ئەما.

قايتىپ كەلسەم يازغى بوغدايدەك
بارماقلىرىڭ قىلماقتا ناۋا
بىر تال يېشىل قىلتىرىقىمدا.

شامال يەڭلىغ، گۈل يەڭلىغ ئايال
قانداق كۆيلەي مۇشۇ تۇرقۇمدا؟
قانداق دۇئا قىلايمەن ساڭا؟

ئارىمىزدا دولقۇنلار نىكاھ،
سەدەپتىنمۇ نازۇك قوللىرىڭ
گويا شۇ تاپ ئىززەت - ھۆرمەتتە
تاز كالللامغا تاج كىيدۈرمەكتە.

سەركەردە مەن تۈگمەس جەڭدە،
بىر تىللامەن توپىدا، يەردە.
مەن ياشاشنى بىلمەيمەن سەنسىز
قايسى ئاۋاز ۋە قايسى رەڭدە.
كىيەلمەسمەن كۆڭلەكنى ھەرگىز
بىر تۇگمىسى چۈشۈپ كەتكەندە.

چىقتى ھومىر كۆزلىرى چاقناپ
كىتابلارنىڭ قەبرىستانىدىن.
بىز ئەمالار تۇرىمىز ساقلاپ
قىپيالىڭاچ تۇغما ئانىدىن.

ئاچتىم ۋاراق، قاچتى بۆكەنلەر،
چۆلدە تۇرغان يۇلغۇنلار ئۈيغۇر.
يېزىلماقتا قۇملۇق تېخىچە
مىسرالىرى شامالدا غۇر - غۇر.

كۆيدۇرۇش ھۇزۇر
كىتابلارنى بەزىدە.

بەزى كىتابلار زەھەردۇر چۈنكى
ئوقۇپ بىھوش، بىر شەھەر خەلقى.

بەزەن كىتابنى ئوقۇپ بېرىدۇ،
نوقۇپ ئۆلۈك تىرىكنى بەلكى.

بەزى كىتابلار تۇندىنمۇ قارا،
بەزى كىتابلار كۆپۈكتەك يالغان.
بەزىلىرى بالىلار ئارا
قاتىللىق قىلار تۆكمەي تۇرۇپ قان.

بەزى كىتاب بەزەن كىتابلار
بىزنى مىنگەن ئەزگەن كىتابلار،
كۆزى يۇمۇق كەزگەن كىتابلار،
چىن تۇرمۇشتىن بەزگەن كىتابلار،

# كىتابلار

بەزى بەتلەر قان،
بەزى خەتلەر تۇغدۇ پىنھان
كۆزلەر توشۇپ كېتەر كېچىگە.
رېئاللىقتىن قېچىپ،
كىتابنى ئېچىپ
كىرىۋالدىم بىر ئۆرۈكنىڭ ئىچىگە.

ئېچىلغاندا كىتابلاردا مامكاپلار ...

قىيا ئوچۇق رۇجەك ئالدىدا
دولقۇنلىغان چىرايلىرىمىز،
تەنھالىقنىڭ ئېچىلغان بېتى.

مەن تىنىمسىز چۈمۈلە بالا
سۆرەپ ماڭغان نان ئۇۋۇقىنى
بىر كىتابتىن كىتابقا.
مەن ئۆلۈك دېڭىز
بولغاچ كىتاب كەڭ، كۆك ئاسمىنىم
چىداپ كەلگەن تۇزلۇق ھاياتقا.

بېسىپ كىردى ئەسىرلەر
تېرەكلەردە ياۋ لەشكىرى.
دۆۋە - دۆۋە جەسەت ئىچىدىن
تىرىك چىقتى مەھمۇد قەشقىرى.

# ئەتىگەنلىك شائىر

ئەتىگەنكى قۇشقاچ
كۆل يۈزىدە ئۇچقاچ
گۈل تاشلايدۇ سۇغا
ۋىچىرلىشىدىن.
بوشلۇق چۆمگەن نۇرغا
دەرەخلەردە كۆك يالقۇن،
كوچىلارنىڭ بېشىدىن
يۈگۈردۈم ئاخىرىغا،
يۈگۈردۈم تام قېشىدىن
بىنادىكى ئۇپۇققا.

قىز ئوينايدۇ تەنھەرىكەت
كىيىمى نېپىز تۇمان.
قىزىل چېچەك خىيالىم
مۇسكۇلىدا ئېچىلغان.
يۈگۈرەيمىز ھاياتتىن
ئۆلۈم تىمتاس ۋە پىنھان.

يەر دۈپۈلدەر دۈپۈلدەر
ياپراق ماڭار يېنىمدا.
مەن ئىمانلىق، تاشقىن ئەر
شولىلار بار جېنىمدا.
مېنى كۆرگەنلەر كۆرەر

تەكچىلەردىن يۇلۇپ ئېلىڭلار،
كۆيدۈرۈڭلار، كۈل قىلىڭلار!

گۈل ئېچىلغان كىتابلار،
نۇر چېچىلغان كىتابلار،
كۆك ئاسماندەك كىتابلار،
كەڭ، پايانسىز ئاستىدا ئۇنىڭ
ئادەم ئەركىن، خۇشال يانپاشلار…

※ ※

ئېچىلغاندا كىتابلار،
كۆرۈنگىنى ئۇ دەرۋازىدىن
رېئاللىقنىڭ ئارقا ھويلىسى،
تۇرغان تىمتاس ئايرىلىپ بىزدىن.

2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.



# چىرايلار

بۇ مىسرادىن قەشقەر پۇرايدۇ.

ھېيتگاھنىڭ يېنىدىكى لاي كوچا،
تاش ئاستىدا ياكى ھاۋا ئۈستىدە
ئەرۋاھلاردەك لەيلەپ تۇرغان ئاي كوچا.

يىگىتلەر قېرىيدۇ.
غىلاپ پىچاق ئېرىيدۇ،
شىرنىلىك قوغۇن شاپىقىدا.
قانىتىدا قاندەك چۈشتىن كېيىن
گەدەن تېرىسىنى شورايدۇ چىۋىن
ئەبەدىي ھەسرەتسىز كىشلەرنىڭ.

توپلانغان كىشىلەر بىردىن بىردىن
تارقىلىدۇ ئۇھ تارتىپ كېيىن.

يەنە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن
كۆك سايىۋەن ئاستىدا
راخاپ ئىچىش بولىدۇ قىيىن
مۈزنى چايناپ، شوراپ ئاستىلا.
ھاپپاقلار مۇرەڭگە بىر كلون ئادەم،
تۇيۇقسىزلا كىرىپ ئاق رەڭگە
نۇرغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك
تەييارلىنىسەن بىر مۇدھىش جەڭگە.

هايۋانات باغچىسىدا،
يولغۇنىمەن، ئاقار تەر
شىر يايلىدا، بېشىدا.

نەپەس ئالدىم چوڭقۇر
تالادا يوق تالا
ئۆيۈمدىكەن ئۇپۇق.
ئەتىگەنكى شائىر
كەچتىمۇ يوپيورۇق.

2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.



# ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭلار

— شائىر بۇغدا ئابدۇللاغا

ياز ئۆزمەكتە يېشىل ئوق
ئىسسىق ئىشغال قىلدى شەھەرنى.
يول بويىدىكى كۆل ۋە دەرەخلەر
ئېچىۋېتىڭلار دېرىزەڭلارنى
چۈنكى شائىر كەلمەكچى.

چىڭقى چۈشتە يېنىك بىر كىشى
سۆز دۆۋىسىدە ئولتۇرۇپ
ئۆمۈر مامكىپىنى پۇۋلەيدۇ.
قەدىمىي مىللەتنىڭ ئەسلىمىسى قوم،
يامغۇر كۆلىسمۇ شائىر كۆلمەيدۇ.
كىشىلەر ئۇچماقتا چاڭ - توزان بىلەن
شائىر هاۋادىكى قەپەزدە.
سۆزلەر ئۆز - ئۆزىنى تىزالمايدۇ،
جان تالىشىۋاتقان كىم، قەغەزدە؟

گۈگۈم چۈشكەندە
ئۇنىۋېرسىتېت كۆلى بويىدا
مېڭىپ يۈرگەن قارىياغاچ سەن.
ئېيتقىنا، ئەي قارماقلىق ئادەم،

مەن قېرى تېرەكتەك ئاي شولىسىدا
خىيالىنىڭ كونىرىغان كوچىسىدىن
ئۆتكۈزمەكتىمەن يۈزلەرنى ئاستا.

خوراز تاجى كۆيگەن تومۇزدا
سامسىپەزنىڭ يۈزلىرى ئوتتا،
ئاشپەز تۈزدا، دوغچى مۇزدا.
مىسكەرچى باللار، بالا ئوغرىلار
چوڭ ئادەمگە ئوخشايدۇ بەك - بەك.
بىرسى ئۈستى تامغا ئۇدۇللا
بىرسى كۆلدى يىغلاۋاتقاندەك.

ئەنجۈر يوپۇرمىقى ئاستىدا
توپا باسقان بىر يېشىل چىراي،
ئەنجۈر تەملىك، ياش، غەملىك ئايال
ئۈمىدلىرىنى يەپ بولغان بوۋاي.
※ ※
كېچە
بۆلدۇقلاپ چىقتى ئىچىمدىن،
شېئىر يېزىۋاتقان قەغىزىمگە.
ئاسماننىڭ يېرىمى قەغەزدە
قالغان يېرىمى مېنىڭ ئىچىمدە.

2005 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

شېئىر ئۆلۈمگە سەۋەب بولغاندا.
قارشى بىز شېئىرنى تەتقىق قىلىشقا،
تاماق ئورنىدا ھەزىم قىلىشقا
ئويۇنچۇق يا قورال قىلىشقا.

بىز شائىرلار شېئىر يازىمىز،
يازىمىز دەپ كۈندە ئازىمىز،
ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن شېئىرنى،
ئۆمرىمىزدىن ئوتۇن سالىمىز.

مۇھاكىمىنى تۈگىتىپ تېز
چۇشۇۋاتقاندا پەشتاقلاردىن بىز،
قالمىدى ئىز،
مىخ ماڭدى،
قىزىل يۇلتۇزلار توختىدى تامدا.
شامال تارىسىز توغراقنى چالدى.
تولغان قىزلار قۇملۇقتا قالدى.

2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

بارمىكىنا بىر بىلىق كۆلدە؟
قارىماققا چوشكەن ئۆزۈڭنى كۆندە؟

ھەي، تاجدارلار،
ھۆپۈپنىڭمۇ تاجى بار،
ئارىمىزدا تاجسىز بىر كىشى
ئۇيغۇر تىلى چۆككەن كۆنلەردە
بارلىقىنى سۇغا تاشلىدى.
بىلىق بىلەر، بىلىق بىلمىسە،
خەلقىم بىلگەي ئەجرىمنى دېدى.

بۈگۈن بىز
ۋەھىمە بىلەن
شېئىرىڭنى تەتقىق قىلىمىز.
بولسىمۇ ئۇ ئەينەكتەك سۈزۈك،
بولسىمۇ ئۇ بىلىقتەك يۇمشاق،
يۈرىكىمىز دۇپۇلدەر تۇتساق.

ئېچىۋېتىڭلار ئىشىكنى
چىقىپ كېتەيلى ئامان - ئېسەن،
بۇغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىدىن!

بىز شائىرلار شېئىر يازىمىز،
بىراق، بىز شېئىرغا قارشى
شېئىر ھاياتقا تەھدىت بولغاندا،

ياغاچ تىقىپ يەرنىڭ كۆزىگە
يەر يۈزىگە سىزىپ ئويناىدۇ.
بىر تال سامان ئوخشار داۋانغا،
بىر مىدىرلاش زامىن بىر جانغا.
چۈمۈلىلەر ئاجىز، بىچارە
پىتىرايدۇ قورقۇپ ھەر يانغا.
كۆك گۈل ئاچار چىغرىتماق قاچان؟
كۆك بىپايان، چېچەكلەيدۇ جان.
گۈل شەھىرىدە ئېگىز، كۆكۈمتۈل
چۈمۈلىلەر قىلماقتا بايرام.
بىر ئوغلۇم چۈمۈلە ئويناپ
ئۈنىڭ ئىنچىكە پۇتىنى
باغلاپ قويدى شەبنەمگە
گۈل بەرگىدە سەھەردە.
ئىككىنچى ئوغلۇم چىڭقى چۈشتىكى
نەيزىدەك ئۈزۈن كىرپىكلىرىدە
ياۋ لەشكىرىنى سۈرىدۇ قوغلاپ
ئۇيقۇ شەھىرىدە.

مەن سۆيىمەن بۇ جىمجىت باغدا
ئۇزارغان سايىنى، توختىغان نۇرنى.
شامغا ئەزان چىقمىغان چاغدا
زەر شولىغا چۆمگەن كۆك قۇمنى.
مەن سۆيىمەن تۇنجى ئوغلۇمنى،
ئاچتى ئۇ
ھاياتىمدىن يېڭى بىر ئىشىك.
مەن سۆيىمەن كەنجى ئوغلۇمنى
چۈنكى ئۇ
كىچىك تېخى، قوللىرى كىچىك.

# ئوغۇللىرىمنىڭ چۇمۇلە پادىشاھلىقى

سىرىق چېچەكتە ئېچىلدى
دەرۋازىسى باھار كۈنىنىڭ.
ئەت يەرلەرگە كۆك چىم چېچىلدى
سوۋغىسى بۇ كاككۇك ئۈنىنىڭ.
ئىككى ئوغلۇم چىقتى يۈگۈرۈپ
سۆگەت تۈۋىدىكى
چۇمۇلە پادىشاھلىقىدىن.
ئالتۇن توپا دۆۋىلەنگەن،
ئالتۇن قۇمدا ۋالىلدار قەسىر.
چۇمۇلىلەر دۇبۇلغا كىيگەن
قوللىرىدا نەيزە پۇلاڭلاپ.
شامال ئەلچى ئاسماندىن كەلگەن
سول قول ۋەزىر يارلىقنى ئاڭلاپ
يەر سۆيگەنچە چىقىپ كەتتى
بۇرۇتى چاقناپ.
مېنىڭ پادىشاھ ئوغۇللىرىم
تىنچ ئېلى، دەخلىسىز تەختى.
كۆنلەپ كۆڭلى بولمايدۇ يېرىم
بالىلىقى ئۇلارنىڭ بەختى.
چوڭ بولغۇچە قاناتلىق ئۇلار
چىمدىن ئوردا تىزىپ ئوينايدۇ.
جىندىن سۆزۈك ئەسكەرلىرى بار
جىم تۇرمىسا ئېزىپ ئوينايدۇ.
قوللىرىدا خانلىق ھاسىسى

جىنىمنى تونىدىن پۈۋلەپ ئېلىپ
تېنىمگە چوغدەك قويىدى سېلىپ.

مەن تىرىلىدىغان ئۆلۈك،
مەن چۈمۈلە ئارىسىدىكى تاپ،
مەن ئويلاۋاتقان قارىياغاچ،
مەن ئويناۋاتقان مامكاپ،
شامالنىڭ بارماقلىرىدا.

ئەي مېنىڭ ئۇرۇقلىرىم،
مۇھەببەتنىڭ مۇنبەت يېرىگە
سىلەردىن خەۋەرسىز تېرىپ قويدۇم،
كەچۈرۈڭلار ئۇشبۇ خاتانى.
ئەي ئادەملەر، تۈۋە قىلىپ تەڭ
كەچۈرەيلى ئادەم ئاتانى.

ئاق ۋە يىراق
چۈمۈلە پادىشاھلىقى.

مەن ئىشتىن قايتتىم،
قايتتىممەن زېدە،
ئوغۇللىرىم ئۇيقۇغا ئەسىر.
مۇڭلۇق يۇلتۇزلار دېرىزىدە
دېرىزىدە كۈمۈش قەسىر.

2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

چاقىردىم كىچىك ئوغلۇمنى
چۇمۇلىگە مىنىپ ئۇ
كېزىپ ئورمان كېچىپ سۇ
قايتىپ كەلدى خىياللىرىمدىن.
چوڭ ئوغلۇم چوڭ بولۇپتۇ،
چۇمۇلىدەك كىچىكلەپ بىردىن
قايتىپ كەلدى خىيالچان غەمكىن
ئەمدى ئۇنىڭ يوق قانىتى.

قېرى سۆگەت، سۆگەتتە كوچا
چۇمۇلىلەر ئەگمەچ كوچىدا
بىر - بىرىدىن ئالدىراش هامان.
چىشلەپ ئۇششاق نان ئۇۋۇقىنى
بەزىلىرى ئېتىزدىن يانغان،
بەزىلىرى بازارغا ماڭغان.
يازنىڭ يېشىل كۈن ۋە تۈنىدە
جان تالىشار، ئوزۇق تالىشار،
پەسكە چۈشۈپ كېتەر، يامىشار،
چىۋىن قانىتىدەك تاردۇر جاهان،
لېكىن هايات گۈزەل كۆز قامىشار،
دەرەخ تۆپىدە باردۇر كۆك ئاسمان.

يامغۇرلۇق كۈندە
قايتتى چۇمۇلە
ئاسماننى تاپالماي.

مەن داستاننى يازالماي
قېنىمنى تۆكتۈم قەغەزگە.
ئىككى ئوغلۇم يۈگۈرۈپ كېلىپ

# دەريا قىزى

سۇدىكى يالقۇن دەريا قىزى
تېنى دولقۇن، تېنىم ھۆل تاش.
چۆپتە ئىزى، يۈرەكتە ئىزى
قىمىزى ماگما، ئايلاندى باش.

قارىغايلاردا يېشىل يالقۇن،
كۆيگىنى مەن تىرىك ئوتتۇن.
توسۇن ئاتتەك قاچقۇم كەلدى،
نەدە قالدى بالا، خوتۇن؟

قىز سۆزلىمەي تاغ سۆزلىدى،
بىز سۈكۈتتە سۇدا ناخشا،
چېچەكلىدى چېكەم تەردىن.
بۆلجۈرگەننى ئۈزگىن ئاستا
ئۈنۈپ چىقسا قېنىم يەردىن.

ئايىقىمدا تاشلار يۇمشاپ
سەزدى تۇپراق يېڭى مېھىر.
مەن قارىغاينىڭ ئاستىدىكى بىر
ئۆز قېنىنى يالاۋاتقان شىر.

تىلدا ئىمان، دىلدا شەيتان
ئۈزمە ئىنسان زەنجىرىڭنى.

## يامغۇر

كۆلۈمسىرەر پىغانلىق ھاۋا،
ھەممە تارى ئۈزۈلدى سۇنىڭ.
دېرىزىلەردە مۇڭلۇق ناۋا،
ئېقىپ چۈشمەكتە خىياللىرىمىز.

پاتقاق كوچىدىن ئۆتتى بىر قىز،
يوغانغىنە كاناي گۈلىنى
تۇتقىنىچە بېشىدىن ئېگىز.

يامغۇر گۈلى لايدىكى قىزلار،
چۈشەر يەرگە ئايدىكى قىزلار،
تېنىمىزدە تامچە - تامچە ئىز.

ئاپتاپتىن كېيىن
غايىب بولار ھەسرىتىمىز تېز.
چاقناپ ئۆچەر ئۈمىدسىزلىكتەك
سۇغا يازغان ھەممە خېتىمىز.

2005 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

## نۇرغۇنلىغان تاشلار ئىچىدىكى قاشتېشى

قۇياش ئۇلتۇرار قۇملۇق ئۈچىدا،
بورۇغقاش بورغىلار سۈزۈك بۇتىدا،
كىشلەر ئۈمىلەر،
بۈگۈرەر،
توختار،
خوتەن ئاقىدۇ كوچا ـ كوچىدا.

سايدا،
لايدا،
ئوت ـ ئانەش ئايدا،
قاشتېشى كولىغۇچىلار
كولايدۇ ئۆزىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى.
چاقنار ئۈمىد قۇم ـ شېغىل ئارا
دەريا سىر ساقلار يۇمۇپ ئاغزىنى.

نۇرغۇنلىغان تاشلار ئىچىدىكى قاشتېشى
پارقىرار،
ۋارقىرار،
ياردەم چاقىرار.
نۇرغۇنلىغان تاشلار ئىچىدىكى قاشتېشى
قوللاردىن كۆچەر،
ئاۋازى ئۆچەر.
دۇنيا، دۇنيا قۇلى بايلاردىاق،
پۇلى بارلاردىاق يۇلتۇزى ھۆكەر،

ئوماق شەيتان، گۈزەل شەيتان
سالساڭچۇ تېز خەنجىرىڭنى.

دەريا قىزى سۇدىكى ئاي
دېرىزەمدىن شولا چاچتى،
مارال قاچماي ئۈيقۇ قاچتى.
قازاق قىزى سۇدىكى ئاي،
كۈنۈم لاي سۇ، تۈنلىرى لاي ...

2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.



# هۇسەينىيە مەكتىپى

1

ئۆتتۇم تاغلاردىن
كۆيۈك پۇرىقى،
كۆزى يورۇغان شامال باغلاردىن
سۇلىرىدا روهنىڭ يورۇقى.
كۇچ ئۇرغۇيدۇ قورام تاشلاردىن
ئادەملەردە بۇ يۇرت ئۇپۇقى.
بىز ۋىلىلداپ چىقتۇق چوغلاردىن
ئاتۇش بىر چوغ بۇ زېمىندىكى.

2

ئەنجۇر تەملىك قىز،
ئوڭلۇق، غەملىك قىز،
نۇر زەنجىرى بوينۇڭدا.
تۇمارىسنىڭ ئوقى كىرپىكىڭ،
زەنجىرلەنگەن يىگىت قولۇڭدا.
شاهزادىمۇ بىلمەيدۇ هېچكىم،
ئاقسۆڭەكلىك چاقنار ئوغلۇڭدا.

بىراق سەن
كۆز ئوڭۇمدا يىراق سەن
ئويلىرىمدىن، ئۆزۇڭدىن شۇنچە.

يەر يۈرىكى سوقار دۈپۈلدەپ
زىدە قىلىش، كوچىلاش، قىيناش.
چىپىلىدۇ كەتمەن گۈپۈلدەپ
دەريا ئىشىكى ئېچىلدى قىيپاش.
بىر پەرى كۆرۈندى قىپيالىڭاچ
كۆزى ياش،
ئاغزى تاش،
تېنى سۈزۈك
مۈزغا ئوخشاش.

مۈزدەك غېرىبلىق باسسا سېنى
نۇرغۇنلىغان ئادەم ئىچىدە
قاشتېشىدەك بىر ئادەم قېنى؟

يىللار دەرياسىدا دولقۇنلايدۇ جان،
جېنى تاشتەك چىڭ ئادەملەر
ئىزدەر ئىكەن قاشتېشى هامان.

2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

تاش بىلەن رەيھان ئارىسىدا.
ئۇ قىزىرىپ ئاقارغان تاڭ،
ۋەتەننىڭ يېڭى يارىسىدا.

5

نى نى بايلار كەلدى بۇ يۇرتقا
ئاينى سېتىپ ئالغۇدەك.
يىپ - يىڭنىسىز كەتتى قۇرۇقلا
ئۇلۇكلەر شەھىرىدە بىر خېرىدارسىز
لاينى سېتىپ ئالغۇدەك.
ئالتۇن تاپقانلار يەكسان بولار تېز
پادىشاھلىق كەلمەيدۇ پۇلغا.
ھەر پادشاھلار نام - نىشانسىز،
ھۆسەيىن بايدىن قالدى بىر ئوردا.

6

ئوتسىز يەرلەر ئۆتكەندە جاندىن
بوسۇغامدىن ئاتلاي بىسمىللا.
سالام ئاتۇش چۈشتۇم ئاسماندىن
يوللىرىڭدەك مىسرالىرىمدا.
تاش باغرىڭغا كەلدىم ۋە ياندىم
ئاغزىمدا لىق نۇر بىلەن تىللا.

7

دەرەخلەر —
تۈت پەسلىنىڭ دۇتارى.
ئادەملەر —

ئاتۇش قىزى ئەي سۇلغۇن غۇنچە،
ئوغلۇڭ بارماي قويسا مەكتەپكە
ئېرىڭ كەتسە قوغلىشىپ تەڭگە
سەن ئالتۇندەك قالدىڭ سارغىيىپ،
مىسرالىرىم كىردى مىس رەڭگە.

3

دۇنيا سۇدا،
ئادەم تاشتا،
چاقماق دەريادا،
دەريا ئاتۇشتا.
چاقماق دەرياسى
ئاقماقتا
تومۇردىن تومۇرغا،
ئەسىردىن ئەسىرگە،
ئەنجۇر شاخلىرىدىن
بەشىنچى پەسىلگە
قەلبتىكى.
قاراڭغۇ قەلبتە چۇنكى
ئوخشار نۇرلۇق قەسىرگە
هۇسەينىيە مەكتىپى.

4

هۇسەينىيە مەكتىپىنىڭ ئىشكى
ئېچىلدى
يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا،
ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدا،

# تۆكۈۋېتىلگەن تاماقلار

*يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار.*

— «قۇرئان كەرىم» دىن

پەسىللەرنىڭ كەينىدە بىز،
ئىشتىهايىمىز ھەمىشە شامال.
كېلەر - كېتەر، كېتەر - كېلەر،
زېمىندىكى مامكاپ كىشىلەر.
پارقىرار سەھەرنىڭ ئاشقازىنى،
كوركىرار چۈش ۋاقتى ئېچىپ ئاغزىنى.
يۇلتۇزى ئاچ قالغان يۇڭلۇق گۈگۈم
ئىككى يالماپ يۇتار بارچىنى.
يەپ ئىچىمىز ئەسەبىيلەرچە
قورسىقىمىز كۆرۈنمەس ھەتتا
يوغىنايمىز لەھەڭدەك ئاستا.
بەدبۇيىمىز قاپلار جاھاننى
بىر كۈنلەردە كىرسەك تۇپراققا.
ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا
ھەشەمەتلىك يەپ ئىچىمىز.
يېگەنسېرى بىز باشقا مەخلۇق،
يېگەنسېرى قۇرۇق ئىچىمىز.
ئېچىلىدۇ تاقاق ئىشىكلەر
نەپسىمىزنىڭ شىرى ھۆركىرەپ.

بۇ زېمىننىڭ تارى.
مەكتەپ،
بازار،
مەسچىت مۇنارى ...
چۇشۇمدە ۋە ئوڭۇمدا
شاۋقۇنلايدۇ ئاتۇش دىيارى.

تاغ كىمنى ساقلايدۇ؟
دەريا كىمنى توۋلايدۇ؟

2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.



يەر يۈزىدە يەتتە يىلغىچە...
ئەزىز خەلقىم، ئاچ بىز تېخىچە
تەڭگەن بىلەن ئاغزىمىز ئاشقا،
كۆزىمىز ئاچ، روھىمىز ئاچ بەك
تەگمىگىيدى بېشىمىز تاشقا.
كۆككە باقساق غېرىب ۋە تىمتاس
يەر يۈزىكى يېرىلدى تالاي.
ئۈستىمىزدە ۋالىلداق لىباس،
ئىچىمىزدە قۇپقۇرۇق ساراي.
ئالتۇن كۆزدە دەل ـ دەرەخلەر باي،
باشلىرىغا كىيەر ئالتۇن تاج.
قايتارمىز كۆز غازىڭى چىراي
تويلاردىن بىز ئېغىر، نائىلاج.
كەتسە مېھمان يۇلتۇزدەك تاراپ
دۆۋە ـ دۆۋە تۆكۈلەر مەزە.
خارتىلدىشىپ ھولاقنى يالاپ
چاھارپايلار قىلىدۇ مەززە.

※ ※

چۆچۈرىلەر مۇت ساناقلىقتەك
تۆيۈلىدۇ ماڭا ھەربىر كۈن.
ئېغىز ئاچتۇق تۆت ئاياقلىقتەك،
ھايات ھەزىم بولۇۋاتقان گۈل.

2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

بىر كۆنى ئەي غاپىل كىشىلەر
بۇ تويىماس گال تويار توپا يەپ.

بىر كۆنى كەچ
تۆگىدى زىياپەت،
ئۇستەللەردە تاۋاق - تاۋاق ئاش -
قورۇمىلار قالدى نىهايەت.
تۆكۆلگەندە تۆپە - تۆپىلەپ
ئەۋرەز يولى گۆرۈچ، نىجاسەت.
مىسكىنلەر بار تالادا ئاچلىق،
يىغلار ھۈنەر، يىغلىدى ئاشلىق،
قىزىل يۈزلەر بولماس خىجالەت.
نېمەت بىلەن مېهنەت جاۋابسىز،
توختىغاندەك بىزدە ئىبادەت،
بوسۇغىغا كەپتۇ قىيامەت.

مەن بىر شائىر سەھرانىڭ ئوغلى
شېئىرلىرىم كەلگەن زاغرىدىن.
ئىچ - باغرىم قان، قۇلاقلىرىم پاك
بىر نان تاپسا چالغان ناغرىدىن.
ئاڭلىغان مەن مەدداھ ئاغزىدىن:
يەتتە ئورۇق باشاق دولقۇنلاپ
چىقىپ كەپتۇ نىل دەرياسىدىن.
ۋە يالماپتۇ بىرلا قىلىپ هاپ
يەتتە سېمىز باشاقنى بىردىن.
قەھەتچىلىك يامراپتۇ ئاندىن،
باشلانغانچە شەھرى كەنئاندىن
جان شولىسى ئۆچۈپتۇ جاندىن

سەكراتتىكىلەر تەكرار ئىنجىقلاپ
ھاياتلىقتىن كىيىدۇ نىقاب.

ئۆمۈر بېغى سارغايغان بىتاپ
جان مېۋىسى پىشقان تۇرقىدىن.
كېسەلخانا سوغۇق بىر دۇنيا
ئۆلۈم پۇرار يود پۇرىقىدىن.

بېسىپ كىرگەن سۇيۇقلۇق،
قۇراللانغان رەڭلىك كومۇلاچ.
كۆڭۈل گويا چېچىلغان مارجان
تەن لىباستا، كېسەل يالىڭاچ.
كېسەر قايچا ئەتنى شىرتىلداپ
يوق ئۆرۈنغان نەرسە بارماققا.
جان بېلىقتەك قاچار پىلتىڭلاپ،
يوق بېلىقچى بىر قارىماققا،
ئېلىنىمىز لېكىن قارماققا.

سەن قورقىسەن ئۆزۈڭدىن،
ياشاپ كەلگەچ خەققە قوشۇلۇپ.
سەن قورقىسەن ئۆلۈمدىن،
كۆپ نەرسەڭنى كەلگەچ يوشۇرۇپ.

دوختۇرخانىدا
بىر ئادەم
دەرەخ بولدى،
غازاڭلىرى كارىۋاتقا تولدى.
بىر ئۆلۈك

# دوختۇرخانىدا

ئۆلۈم دەرىخىدە يېشىل چۈمۈلە،
يىلتىزسىز دەرەخ يۇگۇرۇپ يۈرگەن،
مانا بۇ ئىنسان —
دوختۇرخانىدا
جان تالاشقان، تۇغۇلغان، ئۆلگەن.

دوختۇرخانىدا ياكى خانىدا
نېمە قىلارنى بىلمەيدۇ ئىنسان.
ئەمدى ئۆلۈم بۇرما مىخ گويا
ئەمدى هايات پەلەمپەيسىمان.

كۆزى يورۇپ بىپايان ئورمان
تاڭ سەهەرنى بەرگەندە تۇغۇپ،
چېكىسىدە تەر يۇلتۇزلىرى
ئەمخانىغا كەلدى جىق تۇغۇت.

قاراڭغۇلۇق قاپلاپ تاغلارنى
ئۆز ئىلكىگە ئالغاندا يوقلۇق،
كارىۋاتلىرى شىپاخانىنىڭ
بىمارلارغا كەتتى لىق تولۇپ.
دۆۋىلىشەر يورۇق ئىشىككە
سىلىنغاچقا ئۇشتۇمتۇت قولۇپ.
تىركىشىدۇ ئەڭ ئاخىرغىچە
جان قەدرىگە يەتمەكچى بولۇپ.

## سىمدىكى ئادەم

يامغۇر ياغدى ھاۋادا سىملار،
سىمدىن سىمغا بۇ ئۇزۇك يىللار.
ياز تالادا، تۆرۈپكىدا مەن
تېلېفوندا توي قىلدى ئېليار.

دوستۇم ئېليار،
شېئىر ئورمىنىدا
ئوۋ ئوۋلايدۇ، ھەسەل يىغىدۇ.
قىز چاقماقنى قىلغاندا ئىزھار
تاجسىز يىگىتلەر، يارسىز كۆپ قىزلار.
ئۆزىنى دەسسەپ ماڭغان بىر مىللەت
يامغۇرمىكىن تېنىدە ئىزلار؟

دەرەختە ئۈيغۇر،
ساڭگىلاپ نۇر
چۈشتى سىمدىن
بىناۋا شائىر.

بىر مىسرادا داقا ـ دۇمباق، توي،
بىر مىسرادا بوغۇزلاندى قوي،
بىر مىسرادا بېشى يوق ئادەم،
بىر مىسرادا ئاخىرى يوق ئوي.

قاچتى ئەرشكە،
قوغلىماقتا ئاق خالاتلىق پەرىشتە.

دوختۇرخانا مىڭ - مىڭ ئادەم
ئادەملەردىن قاچقۇچ كېلۇر.
ساپ ھاۋادىن ئېلىپ ھوزۇر
دالىلاردا ياتقۇچ كېلۇر.
قانداق گۈزەل ۋە بەھۇزۇر
ئېقىن سۇدەك ئۆلۈپ كەتسەڭ
يورۇق، يېشىل دالىدا كەڭ...

2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.



## مىيىت نامىزىدا چاقىنغان ئۇيلار

بىز فونتان
ۋاقىتتىكى.

بىر ساقىم سۇ
يەر يۈزىدە
دومىلاپ، دومىلاپ
يوغىناپ، يوغىناپ
بۆگۈن سىڭىپ كەتتى تۇپراققا.

تولدى گۈللەر غەمكىن پۇراققا،
كوچىلاردىن كېلىدۇ يات ھىد.
بىز ھەممىمىز چوڭقۇر دېڭىزدا
بىر ئۆلۈمنى پۇراپ ياتقان كىت.

ئادەم قالماسمۇ ئەمدى زېمىندا
يىغلىغىلى ئېچكىلى ھازا؟
چۇشۇرۇلدى مىيىت نامىزى
كىشىلەر ئارا ئاقار جىنازا.

ئۆلۈك كەينىدىن كېتىۋاتىمىز،
ھەربىرىمىز ئۆلۈكنىڭ ئىزى.

يېزىلغىچە ئاخىرقى مىسرا
يۇلتۇزلۇق كارۋات، سۆسۈنرەڭ كېچە...

ئۇي سۇرىمىز تۇندىكى شاھتەك،
توي قىلىمىز چۈمۈلىلەردەك،
غەم قىلىمىز ئالتۇن قۇملۇقتا،
شادلىنارمىز يېتكەن شەھەردەك.

— يوقسۇ، يوقسۇ،
مېنىڭمۇ بارغۇم بار،
بوينۇمدا ۋاقىت زەنجىرى.

سانچىلغاندا گۈلنىڭ خەنجىرى
ئاشىق قولى بويىلار قانغا.
تېلېفوندا دوستۇمنىڭ تويى،
كۆڭلۈم يېرىم بارالمىغانغا.

2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.



## كىچە مىنىڭ كارىۋىتىمدا

كىچە كارىۋاتتا
نەملىشىپ،
تېرەمگە يەملىشىپ،
يىغلىپ، سوزۇلۇپ،
قولۇمدا چىڭ تۇرساممۇ بېسىپ
بارماقلىرىمدىن چىقتى تېشىپ.

تۇرغاندا ئاغزىنى ئېچىپ
بىر مىللەت،
بىر ئايال،
شاللىقتىكى بىر پاقا —
ئاچ پاقا،
ئۇنتۇپ قالدىم نەدىلىكىنى
يۇلتۇزۇمنىڭ.

كارىۋىتىمدا كىچە يەنىلا
قوغلىيالمىدىم ھەر نېمە قىلىپ،
ئېرىتەلمىدىم ئۆزۈم ئېرىپ.
شەھۋىتىم بىلەن ھەسرىتىم ئارا
شائىر بولدۇم ئېتىلىپ كېلىپ.

ئىلناشمىسا ئۇيقۇ كۆزۈڭگە
يات، دۇنياغا كەينىڭنى قىلىپ.

ئۆلۈك كەينىدىن كېتىۋاتىمىز ،
ئالدىمىزدا ئادەم دېگىنزى
ئارقىمىزدا يوقلۇق دېگىنزى.

ئادەم قالمىسا بىر كۈن دۇنيادا،
يالغۇز قالارسەنمۇ ئاھ خۇدا؟

2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.



# تارىم دەرياسى

كارۋاتتىن چۈشۈپ
مېھمانخانىنىڭ
يېڭى ھاكلانغان كارىدورىدا
غېرىبلىقنى پۇردىم: نەم.
چاقنار بىر غەم،
قۇياش نۇرىدا.

ساقلار پەستە ئىككى ئاغىنەم،
ئىگەرلەنگەن تۆمۈر ئات بىلەن.

بىز بارماقچى تارىم بويىغا،
ئۆركەشلىنىپ ئاققان بىر دەريا
قويۇلماقتا شائىر ئويىغا.

ئۇ تارىخنىڭ مىسرالىرىدا
قىيپالىڭاچ يۈگۈرگەن خەلق —
ئىسسىق ھەمدە يۇمشاق قۇم خەلقى.
ئۇ ئەڭ ئۇزۇن پەسىللىك دەريا
ياز دىلبىرى، يېشىللىق ئەركى.
ئۇ مۇزىكا ئېرىپ سۇ بولغان،
كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق ئىچىدە.
ئۇ سۇيۇق تەن قۇملۇققا تولغان،
ئەگمىلىرى چاقنار كېچىدە.

ھەر نەرسىدىن قايتقىن ئۆزۈڭگە
قايت ئۆزۈڭگە غەنىيمەت بىلىپ.

مەن قەدىمكى مۇ زېمىنىنىڭ
پارچە - پارچە خەرىتىسىدە،
مەن كارىۋاتتا —
بىر تۇپ دەرەخنىڭ قەبرىسىدە.

ياڭرىماقتا بامداتقا ئەزان
كىرپىك قاقمىدىم تېخىچە.
كېچە يىغلار كارىۋىتىمدا،
كارىۋىتىمدا يەنىلا كېچە.

2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.



## قاغىلىق ياڭىقى

ئاغزىمدا جەنۇبنىڭ تۇزى.
قىلىمەن ناشتا
قەغەز ياڭاقتا،
ياڭاق قۇرۇق مېۋە يۇلتۇزى.
يۇلتۇزۇم يىراق، قەلبىمدە پىراق،
ئاغزىمدا چۇنكى جەنۇبنىڭ تۇزى.

قاغىلىق
خەرىتىدە جىق يېرى تاغلىق،
كىرسەڭ ئىچىگە تېرەكلىك، باغلىق.
نۇرغا تولۇشۇڭ، غەمكىن بولۇشۇڭ،
كۆزۈڭگە ئەمەس ئۆزۈڭگە باغلىق.

دەرۋازىسى قەسىردەك ئۆيلەر
ئالدىدىكى كەڭ ئېتىزلاردا
تىرىك ياغاچ - ياڭاقلار كۆيلەر.

قاغىلىق ياڭىقى
چىقتى داڭقى جەنۇب شىمالدا.
ئۇنى يېگەن يىگىتلەر بۇقا
تېتىغان قىز شېرىن خىيالدا.

ئېشەك - ئات هارۋا، ياڭاق بازىرى
دېهقان تاغارنى يەشتى بىسمىللا.

يامغۇر روھى ئۇ زېمىندىكى
قۇم چۆللەردىن چۆللەرگە كۆچكەن.
ھەر ئېچىلسا سۇزۇك قانىتى
بوستانلىقلار كۆرۈنۈپ ئۆچكەن.
تەنھالىقى ئۆزىگە ھەمراھ
شاۋقۇنلىرى بارماس يىراققا.
ئۇ بىر مۇڭلۇق ئۇزۇلمەس ناخشا،
ئوخشار چوڭقۇر ئىشقى - پىراققا.
زېمىندىكى ئىچكى دەريا ئۇ
تاپالمايدۇ دېڭىزنى ئېقىپ.
ھاياتلىقنىڭ سىمۋولىدەك
قايتار ئۆزىگە
ئۆزىدىن چىقىپ.

بىز بارغاندا دەريا بويىغا
كۆز پەسلىگە كىرگەن توغراقلار
چىقتى رەت - رەت سارغايغان پېتى.
كىچىك لاي سۇ ئالدىمىزدىكى
تارىم ئەمەس تارىمنىڭ ئېتى.

چۈش كۆرمەكتە
سېغىز پۇرىقى،
دەريا قېنى چاك - چاك يېرىلغان.
يېرىقلىرىدا رىۋايەتتىكى
كۆمتۈرۈلگەن شەھەر يورۇقى.

2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

# كاۋاپچى

ئوت كوچىسىدا،
بىر ئۇيغۇر
ئىككى ئۇيغۇر
كاۋاپدانىنى قويۇپ قۇياشقا
گۆش، قاراмۇچ، زىرە، تۇخۇمدىن
قىيما قىلىپ سېلىپ بىر داسقا،
تەييارلاندى شاھانە ئاشقا.

توپ - توپ ئاقار يۇلتۇزدەك
گۆشكە ئۇچۇپ كەلگەن چىۋىنلەر
باشلىدى خور گىژىلداپ ئاستا.

بازاردا مىڭ ئادەم
تىرىكچىلىك يولى باشقا،
ئۆز سودىسى ئۆز غېمى بىلەن
ھەركىم مەجبۇر تەنھا ياشاشقا.

كاۋاپچى
قولى ئىشتا مەيلى ياز، قىشتا
كاۋاپ قىلار تەرلەپ پىخىلداپ،
ئوخشار تېگىپ تۇرغىنى باشقا
ھاۋا ئەمەس سۇپسۇزۇك تاشقا.

چىۋىندەك ئولاش بىدىك - باققاللا
ياڭاق ئەمەس شاراقلار تىللا.

شولا چۈشتى يەرگە بىردىنلا
قان ئېتىلىپ چىقماقتا يەردىن،
جىرىڭلار ئالتۇن نېفىتلىكلەردىن.

ياڭاقلار كەتتى كەچكۈزنى ئالغاچ،
ياڭاق دەرىخى قالدى يالىڭاچ.
ياڭاق تاپالماي كۆمگىلى قىشقا
شاختا توڭ قاغا قاقىلدايدۇ ئاچ.

دېھقان بېغىدا جىمجىتلىق، سېھىر
ياڭاق شېخىدا شېئىر يۇلتۇزى.
ئەۋەتتى ئانام بىر خالتا ياڭاق
ئاغزىمدا هامان جەنۇبنىڭ توزى.

2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.



گۈپۈلدەيدۇ كۆيگەن ياغ ئىسى،
ۋىژىلدايدۇ گۆش مۇزىكىسى،
ئۇرغۇپ ھەۋىسى، تاقىلداپ نەپسى
كىممۇ تۇرسۇن كەلمەي يېگۈسى؟

كاۋاپ پىشتى مېزىلىك كاۋاپ
ئاتەشپەرەسمۇ ياكى ئاچ ئەرۋاھ
چوغ يېنىدا قىلماقتا تاۋاپ،
بۇ يېيىش مۇراسىمى.

ئەييۇھانناس، ئەي باتۇرلار!
تاغدا يولۋاس ئاتۇرلار!
ناغرا - سۇناي تاتۇرلار!
مۇراسىمنى باشلايلى.

قىزىق كوچا،
بىر زىخ ئادەم
ئىككى زىخ ئادەم...

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

چوغداندا
باشلىدى ياشاشقا
قاننىڭ رەڭگى
ئوتنىڭ ئۆلۈكى.
قىز كالپۇكىدەك
چوغ كۆلگەن.
تۆگۆلگەن
قىزىل گۈلنىڭ مۇشتۇمى.
يۈگۈرگەن
قان ۋە ھاياجان.

سۆزۈك قەتلىئام،
قۇشخانا قايناق
ئالدىراش ئاۋام.

مەن بىر قويدىن سورىدىم:
— يېقىنىڭ كىم؟ ماشايىخىڭ كىم؟
قوي كاللىسى كىردى زۇۋانغا:
— مېنى بوغۇزلىغان ئادىمىم.
ھەيران بولدۇم ئۇشبۇ جاۋابقا،
قويدىن دائىم ئەپۇ سورىدىم
قول سوزغاندا تونۇر كاۋاپقا.

شۇ تاپتا
زىختا ئەمەس شاخ ـ شاختا
گۆش مېۋىسى پىشماقتا.

كۆز شاملى ئات مىندى غۇر - غۇر
مەن ئېتىڭغا، ئىمران شاھزادەم.

دادالڭ سېنىڭ بىر غېرىب شائىر،
نان تاپىدۇ جان بېرىپ شائىر.
ياش چاقنىغان مىسرالىرىدىن
ئاق قەغەزگە گۈل تېرىپ شائىر.
ھېرىپ، ئۇپراپ، سۇندى ئېگىلىپ
بولسۇن ئېلىپ سەن كېلىپ، شائىر.
ئۇشبۇ ئارمان، ئىمران شاھزادەم.

## 2. مەكتەپ يولىدا

مەكتەپ يولىدا
قولىدا كۈن - ئەتىرگۈل
تەبەسسۇم قىلماقتا ئاسمان.

ھەممە بالا ئالدىراش بۇ ئان
قۇياش قەدىمى چاقنايدۇ يولدا.
بىر يۈگۈرۈپ توختىدى غازالڭ،
ئوغلۇم ماڭار يامغۇردەك ئاستا،
قولىقىغا گەپ قىلىپ سازالڭ.

گۈل مەكتەپتە ئوقۇيدۇ شەبنەم،
بىلىقلارنىڭ مەكتىپى سۇدا.
ماڭدى خۇشال بۇلۇتلارمۇ ھەم
ۋالىلدىغان مەكتىپى ئۇندا.
ماڭار ئوغلۇم بەك ئوماق، بەردەم
گەجگىسى ۋە گەۋدىسى نۇردا.

# تۇنجى ئوغلۇم كىردى مەكتەپكە

## 1. شاھزادەم

باغ ئېسىلدى كۆزنىڭ پېشىغا،
توشتى چىلان مەكتەپ يېشىغا،
پىشتى ئانار، ئانار بالىلار
ئوردىسىدىن چىقتى تېشىغا؛
ئالتۇنرەڭ تاج تاقاپ بېشىغا
كۆچەت ماڭدى دەرەخ قېشىغا،
يۈر مەن بىلەن، ئىمران شاھزادەم.

گۈللەر ئاچتى يېڭى بېتىنى،
ئوقۇماقتا قۇشلار خېتىنى.
قۇم دەپتەرگە بىر تال چۈمۈلە
مايماق - سايماق يازدى ئېتىنى.
رەت - رەت ئۈزۈم بۈزماي رېتىنى
توشقۇزدى لىق تەك مەكتىپىنى،
يۈر مەن بىلەن، ئىمران شاھزادەم.

چولپان كۆككە جىجىپتۇ بىر قۇر،
تۈن ئەينەكتىن تۈردى سەنمۇ تۇر.
ئەقلىڭ ھىلال ئاي قولۇڭدىكى،
ئوق ئۈزسەن ئوقۇڭ كۈمۈش نۇر.
ئۇچۇۋاتقان غازاڭلار ئۇيغۇر،

دەرس باشلاندى،
بۈگۈندىن باشلاپ
سۈزۈك بىر قەپەز ياسالدى.

بولغان چاغدا بالام ئۈچۈرما
كاللىسى قەپەز.
ئۈچۈپ چىقسا ئۇنىڭدىن بىر پەس
ئۇستازلىرى، دادىسى قەپەز.

باشلاندى ئوغلۇمنىڭ دەرسى.

كوچىدا ئالدىم بىر نەپەس،
بەزى ئادەملەر ئۈچۈۋاتقاندەك
تېنىم پالاقلار، كۆزۈمدە ھەۋەس.

### 4. ئانا تىل دەرسى

ماھىرە خانىم!
مېنىڭ جانىم
يۈرەك پارەم
ئالقىنىڭىزدا.
قېنىڭىزدا
نەچچە مىڭ يىللىق ئاۋاز،
تىلىڭىزدا ئەڭ يېقىملىق ساز.

ئانا تىل ئالمىدەك شېرىن.
كېيىن
باشقا بىر مېۋە
قانداق يېيىشنى بىلمەيدۇ بالام.

مەكتەپ يولىدا
قورقىمەن شەيتانىمۇ تۇرغاندەك كۈتۈپ،
ئىلىمنىڭ رەڭگا - رەڭ بويىقى قولدا
مەسۇم بالىلارغا ھىجىيىپ كۈلۈپ.

ئوغلۇم ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىپ
كۆزى تورلاشسا بارا - بارا،
مېنى تونۇمىسا ئادەملەر ئارا،
يا ئادەم تونۇماي دىپلوم تونۇسا،
ئۆزىنىلا ۋە پۇلنى ئويلىسا،
ئايرىلغان بولىمەن ھەممە نەرسەمدىن،
ئۆڭگەن بولىدۇ تىكەن قەبرەمدىن...

سۆزلەيدۇ دىلىم:
ئىزدىسەڭ بىلىم
غەربتە ئەمەس، ئەمەس شەرقتە
ئادەملىك ئۇلۇغ، ياشا قەلبتە...

مەكتەپ يولىدا
قورقىمەن قۇرتتەك ئادەملەر ئارا
ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەپ.

3. دەرس باشلاندى

سۇنىڭ ئوقۇشى باشلاندى،
باشلاندى دەرەخلەرنىڭ قاتارى.
ئوغلۇم ئارقىدا، ئالدىنقى رەتتە
بالىلارنىڭ پاكار - پاكارى.

ناخشا ئېيتىپ سىنىپتىكى باللار
ئۈنى پۈتتى.
ئەينەك سۆزۈك توۋلار
ئەكس سادا سۆكۈتى.

كۆز ئولتۇرۇپ ئالتۇن غازاڭغا
ئۇچۇپ ئوينار ئۇيان - بۇيانغا،
قاراپ ئولتۇرۇپ ئەينەك رامغا
رام بولدى ئوغلۇم بۇ ئويۇنغا.

## 6. تاپشۇرۇق

گۇگۇم ئاغزىنى ئاچقاندا
رەت - رەت كۆمۈش يۇلتۇز ئاغزىدا.

بالام گۇگۇمنى ئاچقاندا
ئىمىر - چىمىر خەتلەر ئاسماندا.

نېمىدېگەن جىق تاپشۇرۇق بۇ
قوغلار بۆرىدەك قوزام قاچقاندا.

مىنىۋالسا بولاتتى بالام
ئويۇنچۇق ئات كىشنەپ چاپقاندا.

كۆرۈۋالسا بولاتتى بالام
مۈشۈك قۇيرۇقى قالدى چاشقاندا.

بالام دەپتەرنى ياپقاندا
زېمىن ئۇيقۇدا گۇللۈك يوتقاندا.

مەن ئاغرىپ قېلىپ
ئاچچىق دورا ئىچكەندە
نېمە دېيىشنى بىلمەيدۇ بالام.

مەكتەپتىن قايتقىچە
قولىمىزدا كېچە.

يۇلتۇزلار پىشار ئۆيىمىزدە
تاش ئالمىدەك بەزىدە.

## 5. مۇزىكا دەرسى

سىزدى مۇئەللىم
ئاۋازنى،
بېلىق ئىسكىلىتىدەك،
نوتىلار دوسكىدىن چۈشەر ئۆمىلەپ.

بىر قىپقىزىل بۆلجۈرگەن،
ئاڭلىغانسېرى ئېرىپ كىچىكلەپ
كىچىكلەپ بىر تۈگمىدەك بولدى.
مۇزىكا دەرىخى شاخلاپ، ياپراقلاپ
تاقاشتى تاملارغا سىنىپقا تولدى.

قەغەزدە
ئات كاللىسى كىشنىسە
باشسىز خوراز چىللىسا
ئۇنىڭ شەكلى نوتىدۇر،
ئۇنىڭ ئۆزى مۇزىكا.

# ئۇسمىنىڭ جېنى

مەن قۇم ئادىمى،
يىلتىزىم تىرەن.
يىلتىزىم بىلەن
چىقتىم كوچىغا،
بىر باغ ئۇسمىدەك.

بازار ئاغزىنى
ئاچقان ئاچ دۇۋە،
تارتىلماقتا دەم
ھەننىۋا نېمە.
چاقماق ۋە ئادەم.

پۇل سايىسىدا
تېز ھەم تېيىز
ھايات ئېقىنى.

كۈمۈش تېرىپ
ئالتۇن ئالغانلار
ھاپىلا - شاپىلا
ياشايدۇ چالا،
ھاياتلىق قېنى؟
بىر ئۇيغۇر چوكان
ئۇسما ساتماقتا
يېيىپ ياغلىقنى.

## 7. خاتىمە

خوش، ئوقۇرمەن، مەن ھېرىپ كەتتىم،
بالامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ
بۇ مىسراغا كىرىپ كەتتىم.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



كۆزلىرى كۆك،
سۆزلىرى كۆك،
كۆكلەپ چىقتى جان.

جۇۋان خوش بولۇپ
بىر پىيالىنى
دۇم قىلىپ قويۇپ
سىقتى ئوسمىنى.

پەلكۇشى بىلەن
خۇمارلىق، لىۋەن
قويدى قېشىغا
ئوسما سۈيىنى.

ئەينەك ئالدىدا
ئېيتتى كۈيىنى
تاشقىنلىنىپ.

ئاندىن ماڭدى
قالغان ئوسمىنى
بازارغا ئېلىپ.

تام تۈۋىدە
ئوسمىچى چوكان.
بېلى باغلاقلىق
كىچىك، يېشىل جان
ئالدىدا تۇرغان.

ئۆتكەنلەر قارار
بىر باغ ئوسمىسى
يارماققا يارار،
ساتىسمۇ شۇڭا
بىر تاغار ئوسما
يانچۇقى بوشلا.

كېلىدۇ ئوسما
يازغا مىنىپ
ئوتياشلىقلاردىن.

ئېرىگەن قاردىن
تارقاپ خۇشخەۋەر
يۇمشىغاندا يەر،
قۇتراپ تۇرغان ئەر
سالدى ئۇرۇقنى.

ئىسسىق، نەم توپا
ئېغىر ئاياغ يەر،
ئېغىر تىنماقتا.

كۈنلەر ئۆتتى،
ئايال كۈتتى،
جان كۆكلەپ چىقتى.

قۇلىقى يېشىل،
بارمىقى يېشىل،

# بىر چىۋىن لەلەڭلەپ
# ئۇچۇپ يۈرەر

بىر دەسسەپ
ئىككى دەسسەپ
كۈز كۈنى كوچىدا بىر بىكارچى
يۈرگەندەك ئىش ئىزدەپ، ھېرىپ، ئەسنەپ،
بىر چىۋىن لەلەڭلەپ ئۇچۇپ كەلدى
خرۇستال چىراغقا قوندى دەسلەپ،
قولاشماي كېلەڭسىز پاچاقلىرى
ئۇچتى - دە چەسۋەكتىن چۈشتى پەسلەپ.
تەكچە ۋە بېشىمنى ئەگىپ ئۆتۈپ
سۈزۈك ئەينەككە قوندى ئەزۋەيلەپ.

بىر چىۋىن ئەينەكتە ئىككى بولدى،
بىرى راست، ئىككىنچى بىرى يالغان.
بىر ئادىل تۇيۇقسىز ئىككى بولدى
بىرسى راست، بىرسى شائىر ئاتالغان.
شائىر ئۆز قەلبىگە كىرىپ كېتىدۇ
يىغلىغان كىشىلەر يىغلىشىپ قالغان
كوچىنىڭ كەڭ ئۇچۇق ئىشىكىدە.
ئۇرغاندا بىر پالاقتا يوق قىلاي دەپ
ئەينەك زىدە ئەمەس چىۋىن زىدە.
ۋاقتىمنى يەپ بولدى مەنىسىزلىك
چىۋىن ئۇچۇپ كەتتى ۋىڭڭىدە.

جان مېھرى بىلەن
ئۇسمىلارغا ئۇ
باقار مېھرىبان.

مېھنىتى لەززەت
قەدىمىي مىللەت،
باشقا بىر قىممەت
باشقا بىر خىسلەت،
ئاقچىغا ئەمەس
ھاياتقا بولغان
چوڭقۇر مۇھەببەت.

※ ※

بازار قايناق
ئادەملەر يارا.
ئىش ۋە پۇل ئارا
ھاياتلىق چالا،
ئۆلۈم ئاز قالدى
بارا ـ بارا...



# دەم ئېلىش كۈنى

خوشياقمايدۇ قوپۇش ناشتىغا،
كالپۇكۇمدا كېچىنىڭ تەمى.
كىرىۋاپتۇ كارىۋات ئاستىغا،
بۇگۇن شېئىر.

ھاۋادىمۇ تۇگەپتۇ سېھىر،
تۇكلىرىمدە قالماپتۇ زەرەت.
تاشقا ئايلانغان بىر مۇزىكا
پۇتلىرىمنىڭ ئاستىدا پەقەت.

مەن كروران شەھىرىدە
قېچىپ يۇرگەن جەسەت رەستىمدە،
ئۆلگەن كۇنى قىر - چاپتا خاقان.
مەن بىر غېرىب شائىر ئەسلىدە
ئاق قەغەزدە ئۆلۈكى قالغان.
بۇگۇن مېنىڭ قولۇلىرىم قولسىز،
بۇگۇن مېنىڭ ھاياتىم رولسىز،
بۇگۇن جىمجىت، خىلۋەت ئورماندا
تىنەپ يۇرگەن بۇلاق مەن يولسىز.

ئالتۇن غازاڭ لەيلەيدۇ ئاستا،
تاتلىق قىزلار قالمىدى شاختا.
كەتمە دەرەخ مۇنداق يالىڭاچ

چىۋىن گۈل،
چىۋىن قىز،
چىۋىن ئادەم
ھەسرەتلىك ئىسكىرىپكا قاناتلىرى
كۆڭلۈمنى قىلار تىنماي پاراكەندە.

دۇنيا ئىككى
بىرى راست بىرى سايە،
بەلكىم سايىدۇر كۆرگەنلىرىمىز،
بەلكىم ئەينەكتە ئۆلگەنلىكىمىز.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.



# ئۆزۈم

كۆز كەلدى سەھەردە
تۇرپاندىن،
قوشنىمىز ئېلىپ كىرگەن
بىر لىگەن ئۆزۈم بىلەن،
ئۆيدىن ئۆيگە نۇر.

ئاندىن
چۈشتى ئاسماندىن
بىر ساپاق يامغۇر.

چۈشتىن كېيىنكى ئاپتاپ،
بىز تۇرىمىز ساڭگىلاپ
ئېگىز - ئېگىزدە.

غېرىبلىقتىن چېكىلدى ئۆزۈم
تېنىمىزدە.

قىز پىشتى مەي باغلاپ
ئۆزۈم ئىچىدە.

كۈندۈز ئاسماندىن ئۆزۈلدى چاقناپ،
بىز ياشايمىز ئىشتىھا ساقلاپ
ساپاق - ساپاق كۆك كېچىدە.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

بىز تەقدىرداش بولغىنى ئۆلپەت، يار.
مەن بىر دۇتار — ئىچى قۇرۇق ياغاچ
نېرىپلىرىم بوشاپ قالغان تار.
مەن قەغەزدە بىر شېئىرسىز، ئاچ
مەن زېمىندا بۇگۇن چەكسىز خار.

بۇگۇن شېئىر يازىدىغان كۇن،
ئۆلۈكلەردەك چىقارماستىن ئۇن
ئاق كېپەندەك ئاپئاق قەغەزدە
تىرىلىشكە باشلىدى سۆزلەر.
دولقۇنلىغان سۇ مەن قەپەزدە
تىكىلمەكتە ئاسماندىن كۆزلەر.

تۇنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ
ئاقار يۇلتۇزدەك چىقتىم قېچىپ،
چەكسىز شېئىر ئالىمىگە
رېئاللىقتىن، ئۆزۈمدىن كېچىپ.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۇنى.

# مۇ قۇرۇقلۇقى

1

ئىككى ئەرۋاھ
چوقۇنماقتا قۇياشقا،
تىنچ ئوكيان ئاستىدا.

ئىككى ئادەم
كېۋەز تەرمەكتە
سۇ ئۈستىدە.

ئىككى ئۇيغۇر مەسچىدكە ماڭدى،
ماڭدى ھىلال ئاي
تېرەك ئۈستىدە.

ھەممە يەر سۇ نوھنىڭ چۈشىدە،
چۆكمەس زېمىن بۇ.

2

بىر ئوت كۆيەر يۇرەكتە،
بىر ئوت كۆكتە كۆيمەكتە،
بىر قۇرۇقلۇق چۆكمەكتە.

# تەمسىلدە ياشاش

*ئۈچ كۈن بولدى تۈلكە غوجام قىلمىدى ناشتا،*
*بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق ماي تۇرامتى تاشتا؟*
*— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى*

كۆرۈندى باشتا
غازاڭلاردىن ئاستا - ئاستا
كۈزنىڭ سېرىق قۇيرۇقى.

ئىچىمىزدە شەھۋەت يورۇقى،
ئۈستىمىزدە ئاچ قالغان ھاۋا
توزۇپ چۈشەر تۈكى ئاپتاپتا.

شەھەر مەخپىي قورشاپ ئالماقتا،
قوتۇر بېسىپ كەتتى ئاھ، بىزنى
قاپتۇ ھۈزۈر - ھالاۋەت تاشتا.

تادان تۈلكە ئۆگەنسۇن بىزدىن
ئىلىنارمىز تۇمشۇقىمىزدىن،
بۆرە، ئادەم، ۋاقىت قاچ - قاچتا...

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

4

سۇ بويىدىكى ئەي كىشىلەر،
رەستىدە بىلىقتەك لەيلەر كىشىلەر،
قەغەز ئايروپىلانغا چۈشۈپ
ئۆتكەندە دېڭىز - ئوكياندىن ئۇچۇپ
ئۆمىلىگۈچى يېڭى قەۋم دەپ
بىزنى خىيال ئەيلەر كىشىلەر.

كۈن چىققان شەرقتىن
كۈن پاتماقتا غەربكە.

غەرب، ئەي غەرب،
قەدەھىڭدە قان رەڭلىك شاراب
ئىچمە ئەمدى بولما شىر كەيپ.
ئاۋات شەھەرلىرى شەرقنىڭ
يەر يۈزىدە بولماستا خاراب
ئۆزىمىزدىن مەست بولۇپ بىزمۇ
ماڭغان ئىدۇق ئۆلۈمگە قاراپ.

مەن شەرقنىڭ تەمكىن شائىرى
بولدۇم غەمكىن غەربكە قاراپ.

يالىڭاچ كوچا
دولقۇن ـ دولقۇن
ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى.
يالقۇن ـ يالقۇن
ئەركەكلەرنىڭ شەھۋىتى.
نەقەدەر چوڭقۇر بۇ
ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتى
رەببىگە بولغان مۇھەببەتتىنمۇ.

غەپلەت باسقان پەيت كەلدى،
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە
ئەزرائىلنىڭ قانىتى يەردە.

يەر يېقىنلاپ قۇياشقا
چۆكتى ئۇيغۇر خاقانى
ئايلىنىپ تاشقا.

تىنچ ئوكيان
چايقىلار ئاستا.

3

بۇ يەردە سۇ يوق،
بۇ يەر دېڭىزدىن يىراق قۇرۇقلۇق.
قاغجىرىغان ئەر،
ۋە تولغان قۇملۇق.
ئەرلەر چاقنار زۇلمەت كېچىدە،
ئاياللار چاقنار ئەتلەس ئىچىدە.

## يەر ئاستى

ھايات چۆكەر پەلەمپەيسمان،
مامات يوقتەك غۇۋا ھەم پىنھان.
بۇندا يەنە ئالدىراش ئىنسان،
پۈت يالقۇنى، بىتون ھەرىكىتى.

بىر ئادەم ئۆزىنى سىقماقتا،
چىقماقتا ئېتىلىپ ئانار شەربىتى
مېۋە سىقىش ماشىنىسىدىن

كالپۇكى قىپقىزىل جىن
ئىچتى كۆزىدە سۆڭكىمگىچە،
جۇغۇلداپ كەتتى تەنلىرىم لوق - لوق.

يەرنىڭ ئاغزى يوق،
ئۆچەي - باغرى يوق،
چىقىش ئىشىكىگە كەلگىچە.

پەشتاقتا چال تەمبۇر چالار،
تاشلانماقتا پارچە پۇللار،
ۋالىلدار تام، يېرىقى كېچە.

بىر ئادەم ھاڭۋېقىپ تۇرار تېخىچە
بىرسى ئۇستى ئامالسىز تامغا.

5

قەغەزدە شېئىر
كوچىدا سۇ.
ئىچىمىزدە قەدىم ـ قەدىمكى
قۇرۇقلۇق مۇ.

2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.



## ئاي تولدى

تورمۇش ئەينىكىدە
تونۇش كىشىلەر
بىر قولى تېگىلگەن،
بىر پۇتى تېيىلگەن.

ھىلال ئايدەك
كەمتۈك سالاھىيەت
بۇ ئىسمىدىن،
بۇ يۈزدىن.

چېكىنىدىم،
كۈندۈزدىن.
ئېچىلدى ئىشىك بىردىن
يۇلتۇزلۇق ھاياتقا.

پالاقلار تېنىم
بىر قاناتتا.

ئاي تولدى بۈگۈن
كارنۋاتتا.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

— نەگە ماڭدىڭلار، ئەي ئۆلۈكلەر؟
— يەرگە ئەمەس ئاسمانغا.
ئەمدى بىزگە قالماپتۇ مازار
چۈنكى يەر ئاستى ـ يەر ئاستى بازار.

2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.



توك ئۆشكىسى تەشمەكتە تامنى،
تېشىپ ئۆتتى بىر ئوق نېرۋامنى.
قىزىلگۆلدەك قانىدىم قات - قات.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.



# ئاۋاز

يەكشەنبىنىڭ سۈرەن - شاۋقۇنى
كارىدورنىڭ ئاپئاق دولقۇنى
ئاقتى ئۇشتۇمتۇت ئۆز چوڭقۇرىغا.

ئۇپۇق قوشنامنىڭ ئىشىكىدىكى
چۆمگەن يىراق سۈكۈت نۇرىغا.

گويا ئىگىز بۇ قەبرىستاندا
كۆرگىنىم يوق بىرمۇ كىشىنى،
ئەرۋاھمىكىن، جىنمىكىن تامدا
غۇڭۇلدىتار توك ئۇشكۈسىنى

غىرىپلىقنىڭ دەرەخ شاخلىرى
ئۆي - ئۆيلەردە، پەلەمپەيلەردە
ئاۋاز پىشقان ياۋا مېۋىدەك،
ئاۋاز سارغۇچ غازاڭدۇر يەردە.

زىننەتلىدۇق ئۆيلەرنى تەكرار
بولغىمىز يوق ھېچكىمگە ئەسرار.
ئۆيلەر قۇرۇق ئىچىمىز قۇرۇق،
بىز گوياكى ئاۋازسىز دۇتار.

شىلدىرلايدۇ كەچكۈز يوللىرى
كۆڭۈل يورۇق خىياللار تىمتاس.
باش ئۈستۈڭدە ئىگەك قوللىرى
غازاڭ ئەمەس تاقىغاي گۈلتاج.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.



# قارىياغاچنىڭ ئەگمەچ قوللىرى

ئۇزۇن - ئۇزاق خىيالغا باشلار
جىمجىت، خىلۋەت كۈز يوللىرى.
سارغۇچ سۆيگۈ خېتىنى تاشلار
قارىياغاچنىڭ تىترەپ قوللىرى.

توختاپ قالغان قارىياغاچلار،
ماڭار ئاستا سارغايغان غازاڭ.
دەرتمەنلەر جىم كۆزىنى ياشلار
قولتۇقلىشىپ يارىڭ بىلەن ماڭ.

ھېسسىياتچان كۈز بۇلۇتلىرى
يۈرىكىدە مىسرالار يامغۇر.
ئۇيغۇر — ئورمان، بىز دەرەخلىرى
يېشىل روھتا قول تۇتۇشۇپ تۇر!

كۈز ئاخشىمى يۇلتۇزلار ساپاق
پىشىپ كۆكتىن تۇرار ساڭگىلاپ،
نۇرغۇن يۇلتۇز تۆكتۇم قەغەزگە،
بىز زېمىندا تۇرايلى چاقناپ.

## ئالىقاندىن ئالىقانغا

پىنھان بىر لەۋ سۇ يۈزىدە
ئېچىلدۇردى گۈگۈمنى پۈۋلەپ.

ئۇچۇپ كەلگەن پاشا گۈگۈمدىن
ئايالىمنىڭ سىكىلىكىدە
ئويلاپ قالدى ئۆزىنى گۈل دەپ.

ھەممە ئىشلار يۈز بېرىدۇ
ياخشى كۆرۈپ ياكى كۈنلەپ،
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە
ئۆلتۈرۈۋەتتىم قىپقىزىل گۈلدەك.

ئېچىلغاندا بىر غايىپ ئالىقان
بىز بىر پاشا،
ياكى ھۆل چېچەك.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

# شام

ياندى،
ئاقتى،
ئۆچتى تېنىم،
تەنىنىڭ قاراڭغۇسىدا.

ھاياتىنىڭ قاراڭغۇسىدا
چاقناپ تۇرغان ئىككى ئوغلۇم —
سىلەر شولا، مېنىڭ جېنىم،
قارا يەرگە ئاققاندا تېنىم.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.



نېمىشقىدۇر سەن بىلەن يەنە
قالدىم ئۈچرىشىپ سۇنۇق ئەينەكتە.

گۈگۈم يەنىلا گۈگۈمدۇر
قالمىسىمۇ ساق يېرى گەرچە،
بازار يالماپ يۈتار ھەممىنى
ئەسەبىيلەرچە،
جاۋغايلىرىدا كۆپۈك ۋە يۇلتۇز.

ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا
چۈشكەندە يۇلتۇز
باشلانغان ئۇ مىسرا
بىز قايتقاندا قاراڭغۇ كوچا…

ئىشكنى يېپىپ كىرىپ كەتتۇق،
تېنىمىزنىڭ كوچىلىرىغا.
چۈنكى بىز خويمۇ ھېرىپ كەتتۇق.

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.



# بازار ئايلىنىش

باشلىنىدۇ بۇ مىسرا
مەسچىد يېنىدىكى كوچىدا،
توختىغاندا ئاي ۋە ئاپتوۋۇز.

ئاي تەسۋىرى يىراق ئايالنىڭ،
يېقىن كەلگەندە مېنىڭ ئايالىم.

ئاندىن بىز
كۆزنىڭ قولىنى تۇتۇپ
كىشىلەر توپىغا كىرىپ كەتتۇق.
ئالتۇن تىللادەك ھەسرەتنى يۇتۇپ،
سودىلىق قىلىپ ھېرىپ كەتتۇق.

مال. تەقلىدىي ئادەم. ئېنسكلوپىدىيە
ئېھتىمال يوقىلىۋاتقان ئادەم ۋە
ۋالىلداپ تۇرغان جىق نەرسىلەر.

كىرەلمەيمىز ئىچىگە
ئەينەكتەك،
يېتەلمەيمىز تېگىگە
غېرىبلىقتەك.

قوللىرىمنى يالاپ ئەركىلەپ
زۇۋانغا كىردى ئۇماق بىر كۆچۈك،
ئاچتى ئۇمەللەپ ئاغزىنى دۇنيا
تىلى چىقتى ئوغلۇمنىڭ چۈچۈك.

يوقلۇقتىن ئوغلۇمغىچە ئارىلىقنى
بېسىپ ئۆتتۇم نۇر يىلىدا
ئۇيغۇر تىلىدا.

ئىسمىم قويدى ئوغلۇم يېڭىلا
ماڭا،
دەرەخكە،
بوغما قۇرتقا،
تۇزلۇقتىكى تۇزغا.
ئاندىن ئوغلۇم
دەسسەپ سالدى بوسۇغىدىلا
تىكەنلىك بىر يۇلتۇزغا.

چۈنكى گۈگۈم چۇشۇۋاتاتتى،
يېرىملاشقان تالادا ئاسمان.
ئالماشماقتا رەڭلەر يۈزۈمدە،
ئۇيغۇر تىلى چاقنار ئۆيۈمدە...

ئاچتىم قۇرئاننى ئۇپۇقۇمدا ئاي،
كىردىم كېچىگە يورۇق دىل بىلەن.
ئوغلۇم ئاغزىدىن شولا تارىتار،
قەدىمكى بىر بۈيۈك تىل بىلەن.

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

# ئوغلۇمنىڭ تىلى چىققان كۈنلەر

ئوغلۇمنىڭ ئاغزىدا
ئېچىلغاندا ئەتىرگۈل
ئەتراپىمدا ئۆمۈچۈك تورى،
دەرەخلەردە توپا، كۆز نۇرى،
چاقنار يەردە مەرمەردەك تۇزۇم.

مەن ھەر كېچە قىپيالىڭاچ نۇر
جاراڭلايدۇ سۇنۇپ كۈندۈزۈم...

ئوغلۇم مامكاپ،
ھاردى ئويناپ
سۈكۈتى بىلەن.

ئوغلۇم شارقىراتما،
چۈشەر شارقىراپ
تىلسىز دۇنيادىن.

گەپ قىلىدۇ بىر بوتىلاق
مېنىڭ ئالتۇن قۇملۇقۇمدا.

ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەر بىر بۇلاق
مەن بار قورام تاشلار ئارا.

ئۆچۈرەلمەيدۇ ھايات مېھرىنى،
پەقەت كېڭىيدۇ مەنىسىزلىك.

ئەزان توۋلاپ موللام ئىچىدە
ئىسىم قويىدى ماڭا كېچىدە
بىر چاقىندى يۇلتۇزۇم يەردە.

35 يىل ئۆتكەندىن كېيىن
دېرىزىنى ئاچتىم سەھەردە
قۇياش ۋە ئەتىرگۈل.

پۇتكۈل ئەكس سادا،
بىر مىللەتنىڭ شېئىريي ئاۋازى،
يىللار زەنجىرىدە بىر ھالقا.

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.



## 1970 - يىل

ئېچىلىپ - يېپىلدى ئىشىك
هايات - مامات ئارىسىدا،
يوقالغان رېتسېپنى ئىزدەيدۇ دادام
قەدىمكى كىتابلارنىڭ يارىسىدا.

تاغلارنىڭ بۈيۈكلۈكىدەك
بۈيۈك بىر كۈچ بار
كۆكيار① ۋە كۆك نۇر.
ئىڭگە دېگەن چاقماقلىق ئاۋاز،
يېڭى تۇغۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر.

تاغ تىرىكى تەۋرىتەر ئۆزىنى،
ئاقار دەريا سۇنىڭ بۆشۈكى.
ۋارقىراپ كىشلەر كوچا - كوچىدا،
پارقىراپ سانسىز مىلتىق تۆشۈكى.

ئىس پۇرقىراپ
يەرلەر قىزىل سۇ،
ئىنقىلاب دەۋرى بۇ.
ئۆلۈم ۋە ئەنسىزلىك

① كۆكيار — قاغىلىق ناھىيىسىدىكى شائىر تۇغۇلغان تاغلىق يېزا.

4

ئىككى ئوغلۇم باغچىدا
قۇم، شېغىل تاش، سۇ ئويناپ
قالدۇق ئاخىر كېچىگە.
قۇم، شېغىل تاش، سۇ ئوخشاش
بىز چۈكەرمىز ھەۋەسنى بويلاپ
يوشۇرۇن ئاڭ ئىچىگە.

5

ۋاقىت چالار سازىنى،
ئويناپدۇ ئۇسسۇل
سۇ، شېغىل تاش، قۇم.
ئۇيغۇر تىلى مۇزىكا،
ئاق قەغەزدە مېنىڭ ئويۇنۇم.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.



# قۇم، شېغىل تاش، سۇ

1

قۇملۇقتا قۇم دولقۇنى،
ئېگەڭلىگەن شېغىل تاش.
ھايات سۇنىڭ يالقۇنى،
بىز بىردەملىك لاپىلداش.

2

تاش ئايلاندى شېغىلغا،
بىز ئايلاندۇق قۇملۇققا.
سۇ ئۇسسىسا سۇ بولماس،
دېگىز قۇرار ئۇسسىسا.

3

تېنىگدىكى تەكلىماكاندا
ئىككى تامچە سۇ قۇياش،
تۇرمۇشىمىز شىرقىرار
ئىككى ئوغلۇم شېغىل تاش.

كوچىدىكى ئاۋۇ ئادەمدەك
مالاچىلىتىپ بەھوزۇر
بانان يېسەم ئاپتاپتا...
ئىچىمدىكى ئادەم ئازىدۇ،
ئۇ پىغان يەپ شېئىر يازىدۇ.

ئۆيگە كىرسەم تالادا شائىر،
يەردە ماڭسام ھاۋادا شائىر،
دۇنيا — زىنىنەتلەنگەن قەبرىستان
بولمىغاندا ناۋادا شائىر.

سىيا بېلىق بويايدۇ سۇنى،
تۇتماق بولسا رەقىبى ئۇنى.
قالغىنىدا دەرەخ ئامالسىز،
تۆكەر جىمى ئالتۇن تەڭگىنى.

ئىزلەر تۇنىنىڭ ئەسلى رەڭگىنى
چاقناۋاتقان بىر جۈپ كۆز تامدا.

پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا
ئاياللىنىڭ ئۈچ قۇيرۇقى بار،
كەنجى ئوغلۇم كىچىك قۇيرۇقى
مەن ھەممىدىن قارا، يوغلۇقى.

ئۇ ئەنسىرەر مەندىن ھەر كۈنى.

# تامدىكى شائىر

كۆزگە قاراپ ئۇچۇۋاتىمەن،
كۆز پەسلىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ.
قوندى بىر شائىر،
كۆردى مېنى غازاڭلار ئارا
كۈندۈزدىكى كېچىدە تۇرۇپ.

يۇلتۇزلار قۇش قۇشىنى كېچىدە،
مەن بىر دەرەخ دەرەخ ئىچىدە،
كىم سۆزلەيدۇ سۆزلىمىسەك بىز؟
ئاق قەغەزگە كىم جان بېرىدۇ؟
كىم سۆزلەرنى تىرىلدۈرىدۇ؟
كېتىۋاتسا سۆڭەكلىرىمىز.

توختا شائىر،
سېنىڭ كەينىڭدە
بۈيۈك كىتابخان.
ئۇچما شائىر،
سېنىڭ پېيىڭدە
ئۆلگۈر كىتابخان،
كىرىۋالساڭ شەيتان ئەينەككە
ئەينەكتىكى ئاغزى - بۇرنۇڭ قان.

# كېيىم ئاسقۇدىن كەلگەن پىكىرلەر

1

خۇپتەندىن كېيىن،
ھىلال ئايمۇ يا كېيىم ئاسقۇ؟
مېڭىپ كەتتى يالىڭاچلىقىم.

ئىلغۇدا كېيىم —
قولسىز،
پۇتسىز،
باشسىز ئادەم؛
ئىچى قۇرۇق،
كۆزى قۇرۇق
ياشسىز ئادەم.

2

قولسىز قول تۇتتى
ھاۋادىكى غۇنچىنى،
قوللىرىمنى سوزدۇم بىمالال
ئاھ، بۇ سۈزۈك تارتىنچاق ئايال
يوشۇرۇپتۇ پۇت بارمىقىنى...
كېيىم ئاسقۇدا ھىجاپ ۋە شامال.

چۈشمەكتىمەن
غازاڭدىن غازاڭغا،
پەسىلدىن پەسىلگە،
بىر مەنىدىن كەڭ مەنىسىزلىككە.

قىش پەسلىنىڭ قەلىمى سۈنار
بىپايان ئاق قەغەزدە.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.



تۇپىغا ئايلانغان نۇرغۇن كىشى
بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ گويا
تالاشماقتا كىيىملىرىمنى.

5

كىيىممۇ كىيىم،
بەدەنمۇ كىيىم،

يەردە ئەمەس پۇت ئۇچى،
ئۇل كىشىلەر كۆردىكى:
چارپايغا مىخلانغۇچى
يوق ئىدى ...

كىرمەكتە دېرىزىدىن
كۆزلەر ۋە يامغۇر ھىدى.

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.



3

تۇرىمەن ئېسىلىپ دارغا،
ئۇ مەن ئوخشايدۇ
كۆرۈنمەس يارغا.

ئۇ يوق قايناق كوچىدا،
ئۇ يوق بايراق ئۇچىدا،
ئۇ يوق ھەربىر شامالدا،
ئۇ يوق
تەنتەنىگە چۆمگەن مەيداندا.

چۈنكى ئۇ يالىڭاچ.

قېچىپ كىردىم كېيىمگە
ھاپىلا ـ شاپىلا.

4

كىيىم ئاسقۇدا قالدى كېيىملەر،
بابىل شەھىرىگە ماڭدى كىشىلەر،
چەكلەنگەن دەرەخنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ.

قىپيالىڭاچ بېلىقتەك قىزلار
قاچماقتا سۇدىن تۇيۇقسىزلا
ئاۋات شەھەر دېڭىزغا چۆكۈپ...

كىيىم ئاسقۇدىن توزىدى توپا.

ئەي مەن بىلەن ماڭغان جامائەت
بىزنىڭ ئەمەس دۇنيا ئامانەت،
جان ئامانەت، تەن ھەم ئامانەت.
توپا توشۇپ ئىنسان كۆزىگە
ھەممە نەرسە قايتار ئۆزىگە.

جىگدە تۈۋى مەسچىتىنىڭ
ئىسمى ئۆزگەردى
دەرياغا،
سايىغا،
يوقلۇققا.

بىر ئىسىم پەقەتلا ئۇيغۇر تىلىدا
ھاۋانى جىمجىتلا ئۆتىدۇ كېسىپ.

ھويلىدا
جىگدە دەرىخىنىڭ بىر تۈپ ئەرۋاھى
تۇرىدۇ قىپقىزىل پىشىپ.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

# جىگدە تۈۋى مەسچىت

يىلتىز،
يەردىكى بىر مىسرا يۇلتۇز،
ۋاقىتنىڭ ئادەمسىز چېكى،
ئوچۇق
ئازنى كۈنىنىڭ ئىشىكى،
هويلىسىدا مەسچىتنىڭ يورۇق
هايات دەرىخى، مامات چېچىكى.

بىر تۈپ جىگدە كىرىۋاتىدۇ،
يەر ئاستىدا هاياتلىق ئىزى.
بىر توپ ئادەم كېلىۋاتىدۇ،
كۆرۈنمەيدۇ بار بىر يىلتىزى.

دەل شۇ چاغدا
بۇرۇلۇپ بىر خالتا كوچىغا
قەدەم ئالدىم مەسچىتكە ئاستا
ئاي قونۇپتۇ مۇنار ئۇچىغا.

سۈكۈت چۆككەن تۆگىدەك،
غايىپ قولدا تۆگە چۇلۇۋۇرى،
كۆرۈنمەس زات بىز بىلەن بىللە
ئىچىمىزدە چاقنايدۇ نۇرى.

# ئاي كۆرۈندى

كۆرۈندى ئاي
قۇم دۆڭلىرىدىن،
خورما شېخى ئۈستىدىن،
قەلبىمىنىڭ ئۈچىدىن.

روزا ئېيى باشلىنار،
كۆتۈرۈلدى يېڭى ئاي
بۇ قەدىمكى كېچىدىن.

كۆكتىن چۈشتى شولىلار،
غېرىبانە كوچىلار
رامىزانغا مۇبارەك!
قەلبى ئويغاق ئەي روزىدار،
يېنىڭدىكى ئادەممۇ، توپا؟

تۆگىسىنى چۆكلەندۈرۈپ ئۇ
قۇياش چۆككەن ھېجىر قاچىدىن
بىسمىللا دەپ بىر ئوتلىدى سۇ.

مەن بار، توپام يوق
ئۇ گەپ قىلغاندا
بىلالغا[①]،
روزا توغرۇلۇق.

---

① بىلال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى.

## بىر مۈشۈكنىڭ يان
## كۆرۈنۈشى

ئۆتۈپ كەتتى ماشىنا بېسىپ
يولنى كېسىپ ئۆتكەن ئەرۋاھنى،
ئۇ ئايلاندى ئۆلۈك مۈشۈككە.

نۇر ۋە ئۆلۈم
قەدىمكى قەۋم
چاچراپ چىققان تىلى تىلىدىن
نەم كۆزىدە قۇرغاق كىشىلەر.

توپ - توپ كىشى يۇمۇلدى ئۈنسىز
كۈندۈزدىكى زۇلمەت ئىچىگە.

تۆۋەت چاپانلىق بىر سۇيۇق ئايال
مەڭگۈ غەرق بولدى كېچىگە.

مۈشۈكنىڭ ئاغزى قان،
بىر ۋاقىتنىڭ ئاغزىدىكى قىزىلگۈل،
ئاستا - ئاستا ئېچىلغان.

مەن ئۆزۈمنى كۆردۈم بىردىنلا
مۈشۈك يېنىدا،
يېنىمدا ئۆلۈم.

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

# ياچىۋەك

سوزدۇم كېلەڭسىز پۇتلىرىمنى،
يىغدىم كېلەڭسىز پۇتلىرىمنى،
بالىلىقنى كەتتى ھاپاشلاپ
ئېڭىزدىكى ياچىۋەك.

مايماق گوزەللىك،
سىممېتىرىك ھەرىكەت،
قۇياش ئۇسسۇلى،
كارىۋاتتىكى ياچىۋەك.

يالماپ يۇتار ئادەم دېڭىزى،
ئېلىپ قاچالمىدى بېشىنى
دېڭىزدىكى ياچىۋەك.

كوچىدىكى ياچىۋەك
كەينىگە قاراپ
كۆردى ۋاقىتنىڭ ئىسكىلىتىنى.

بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن
بىر مىسرا، بىر مىسرادىن
تۈگىتەلمىدىم يەپ...
قەغەزدىكى ياچىۋەك.

داستىخاندىن تۇرۇپ
دېرىزىگە قارىدىم:
ئاق يىپلىرى
قارا يىپلىرى
يېشىلمەكتە ئىدى سەھەرنىڭ!

دەريا ئەزان توۋلىلار
تاغلار تۇرغان نامازغا.

يېنىگىدىكى ئادەممۇ، توپا؟

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.



# ئون بىرىنچى مىسرادىكى
# ئادەم

سوزدى قولىنى ئەخمەد يەسەۋى[1]
يۈگەشكىنى يەر تېگىدىكى
يار چېچىمۇ، قارا كېچىمۇ؟

شېئىرنىڭ تېشىدا ئىلاھىي ئىشق،
ئىلاھىي تىنىق شېئىر ئىچىمۇ.

بىرىنچى مىسرادىكى قارا كېچە
بويايدۇ قەغەزنى ئەڭ ئاستىغىچە.

ئاستىنقى مىسرادا كىيىم ئىشكاپى،
يېنىدا جىمجىتلىق قارا گۈلدەك،
ئېچىلىپ يېپىلدى تەنىنىڭ كىتابى.

ئون بىرىنچى مىسرادىكى ئادەم،
ئۇيقۇسى قاچقان بۇرۇتلۇق ئادەم
بۇ شېئىرنى يېزىۋاتىدۇ.
چوڭقۇرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ھاياجىنىنى قېزىۋاتىدۇ.
ئۇچماقتا قەغەزدىن قاناتلىرى سۆز،

---

① ئەخمەد يەسەۋى — 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپچى شائىرى.

بۇ بىر ئۇزاق جان تالىشىش،
ئۆلۈپ تىرىلىمىز قايتا - قايتا،
بىز كائىناتتىكى ياچىۋەك.

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.



# يۆتەل

خوراز چىللايدۇ
كۆكرەك بوشلۇقۇمدا،
كېلىپ كەتتى تېنىمدىن سەھەر.

خۇددى يىراق ئىستىلاچىنىڭ
كولدۇرمىلىق ئەلچىسى يۆتەل،
مەن قوۋۇقى ئېچىلغان شەھەر.

قاراخانىيلار يېمىرىلگەندەك،
بىر قۇش مېنى چوقۇپ يېگەندەك،
كەلدى يۆتەل
قاناتلىرىنى
زەرب بىلەن ئۇرۇپ مەيدەمگە.

هوجرىدا كارۋات
پەسىللەردىن قايتقان بىر دەرەخ
سايراشلىرىم ئاڭلىنار پات - پات.

تاڭ ئاتقۇچە ئاشخانا ئۆيدە
قۇرۇق يۆتىلىپ چىقتى جۇمەك.

ساقلىق بىلەن ساقسىزلىق
جىسمىمدىكى ئىككى ئەتىرگۇل،
نۆۋەت بىلەن ئاچىدۇ پورەك.

دۈنيانى غەمكىن كېزىۋاتىدۇ.
غېرىپسىنار ئۇ ئۆن ـ تىنىسىز
بىر چىۋىن قونسىمۇ ئېزىۋاتىدۇ...

ئېزىلدى كېچىنىڭ ئانارى
ئېقىپ چىققىنى تۇم قارا شەربەت.
شائىر كۆتەر ھەر دەقىقىدە،
قەدەھىدە ئېچىرقاش، شەھۋەت.

دېرىزىدە تۈكلۈك بىر قول،
كۈندۈزنىڭ ئەرۋاھى كېچە،
كېزىپ يۈرەر ئۆيدىن ئۆيلەرگە...

تۈن نىسبىدە
چىقىپ كەتتىم بۇ شېئىردىن مەن
كەڭ كەتكەن قۇملۇق ۋە تولۇن ئاي بىلەن.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.



# ئۇيغۇر

بۇ بىر يېشىل قەۋمىنىڭ ئىسمى،
سۇ بىلەن قۇم
ئارىسىدىكى.

كېلىپ قالار ئۇمىلەپ قۇملۇق
بوسۇغىسىغا مەلىنىڭ بەزەن.
ئاق تېرەكلەر ئېگىز ۋە روھلۇق
مەسچىتلەردىن ياڭرايدۇ ئەزەن.

ئىسمىمىزنى چاقىردى بىرسى،
بېشىمىزنى كۆتەرسەك
ھېچكىم يوق
ئاسماندىن بۆلەك.

قۇياش ئۇزۇپ ئاسماندا
ئالتۇن قاسراق تۆكمەكتە،
ۋالىلدىغان بىر سۆز ئالىقاندا.

ئاستا - ئاستا چۆكمەكتە
ئىسمى ئەمەس،
بىر تال چېچىكى.
بىز ھەممىمىز نىمجان بېلىقتەك
كۆرۈنگەندە ۋاقىتنىڭ تېگى.

كۆندۈزىدىن ئايرىلغان ئاسمان
يۆتەلمەكتە كېچىدە
بوشلۇقلارغا يۇلتۇز چاچرىغان.

كېتىۋاتىمەن يوقلۇق ئىچىدە.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.



## كىتابخان

كىم سەن ئۆزۈڭ؟
سۆدەك يېقىن، تۆزدەك ناتونۇش.
مەن ئالدىڭدا سىرسىز، يالىڭاچ،
ئارىمىزدا قورقۇش، قورۇنۇش،
كىتابىمنى بىسمىللا دەپ ئاچ.

خالىغانچە قىلايلى قىياس
چىراينى بىر - بىرىمىزنىڭ.
سۆ ئاستىدا ماڭغاندەك تىمتاس
دېڭىزدىكى بۆ كوچا بىزنىڭ.

كىتابخان،
شېئىرىمدا ئۆزگەن بېلىق سەن،
تۆندىكى چاچتەك گۆزەل، سىرلىق سەن.
ئوقۇساڭ گەر لوپا ئەينەكتە
قۆيرۇقلۇق مەن يا كۆپ قىرلىق مەن.

كىتابخان،
بوش لوڭقىدەك بوش ۋاقتىڭغا
سال بىر تۆتام مۆشۆ گۆلۆمنى،
سويارسەنمۆ مېنى پىيازدەك؟
سورارسەنمۆ كۆككە كۆلۆمنى؟
تىغ ئىزى بار سۆكۆتلىرىمدە،

سۇنغان ئەينەكتە ۋاقىتنىڭ
بىر ئادەم ۋە سان ــ ساناقسىز يۈز،
بىر تۇغۇلۇپ تەكرار ئۆلىمىز.

قۇتراپ تۇرغان ياۋايى كۈچنى
ساقلاپ بىر كۈن ئەينەك شىشىدە
ئاندىن ئۇنى ئاچتىم كېچىدە،
مانا شۇنداق تۇغۇلدى شېئىر.

2005 ــ يىل 10 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى.



مەن كەينىڭدە، كەينىڭگە قارا.
سەن ئەينەككە قارىغان بولساڭ
مەن بوش ئادەم ئەينەكتە تۇرغان،
بوشلۇقۇمغا تولدۇر ئۆزۈڭنى.
مەن بىر ئەما كىتابىمدىكى
ئەپقاچمىغىن زىنهار كۆزۈڭنى.

سۆيىمەن، ئەي ئايال كىتابخان
سېنىڭ ھەر خىل چاچ پاسونۇڭنى،
قارا رەڭلىك ھىجاپ - تونۇڭنى،
شېئىرىمنى ئوقۇغاندىكى
شۇرلىشىڭ، نەپەسلىرىڭنى،
يىگىرمىگە توشمىغان بولساڭ
ئاھ تېخىمۇ سۆيىمەن سېنى...

شېئىرىمدىكى خورما تۈۋىدە
ئەي يولۇچى سايىداۋاتقان،
بۇرا ئەمدى ئاتىنىڭ بېشىنى
بۇلاق بولدۇقلىغان مىسراغا.

شېئىر بەلكىم دېڭىز بويىدا
ماڭغان تەنها ئادەم ئاتىنىڭ
تاشقا ئايلىنىپ بولغان پۇت ئىزى.

شېئىر تۇغۇلمىغان بوۋاقنىڭ
دېرىزىمىزدە تۇرغان يۇلتۇزى.
شېئىر — يۇلۇپ تاشلانغان بىر تىل،
شېئىر — قۇمدا ماڭغان كۆك توغراق،

ۋاقىت قاقاچ تۇرغان يېرىمدە،
يەر ئاغزىدا سۆڭەكلىرىمىز،
ئېرىمەكتە تاشلار جىممىدە.

ئۇيغۇرنىڭ بۇ غېرىب شائىرى
ئىزدەيدۇ ئۆز كىتابخانىنى.

دەرتمەن بولساڭ شېئىرىمنى ئال،
سېنىڭ دەردىڭ بولالماس ياماق.
ئوغرى بولساڭ، ئوقۇشتىن ئاۋۋال
مەن كەپ قالدىم، قاچ پالاق - پالاق.
ئەگەر قاتىل بولساڭ، كىتابخان،
چىقىرىپ قوي پۇخادىن مېنى.
مالال قىلما، ئەي ئەزىز مېھمان،
جايىنامازدا بولسام مەن تېخى
ھىلال ئايلىق شېئىرىمدىكى.
ئەمدى بىردەم ياپ كىتابىمنى
كەتكەن بولسا كۆزۈڭ ئېچىشىپ،
بىر قاشلىغۇم كەلدى مېنىڭمۇ
ئېغىزمىنىم شېرىن قىچىشىپ.

ئەي كىتابخان سۆيىمەن سېنى
يامغۇردىكى قاقشال تېرەكتەك
دېرىزىسىز ئۆيدىكى نۇردەك،
قۇملۇقتىكى يېشىل ئۇيغۇردەك.
كېتىۋاتقان بولساڭ رەستىدە
مىغىلدىغان كىشىلەر ئارا،

# غوڭقا

قۇم مېنى كۆردى،
قۇلىقىمدا كۆز،
نەچچە مىڭ يىللىق
ئۇچامدىكى بۆز
سېلىنىۋاتقاندا؛
ئون ئىككى ياكى ئون ئۈچ تىللىق
بىر ساز قولسىز چېلىنىۋاتقاندا.

قاتقان،
كۆيگەن،
قۇرىغان دېڭىز،
دېڭىزدىكى كوچا ئىشىكسىز.
قۇملۇقتىكى شەھەر ئېچىلدى
قېزىلماقتا، قەبرە ئىگىسىز.

توغراق قەبرىسى،
ئوغلاق تېرىسى،
ياسىدى چالغۇ
قەدىمكى كىشى،
قولۇمدا غوڭقا①.
ئوخشايدۇ ئوتقا
بىر مىللەتنىڭ

---

① چاقىلىق ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمي چالغۇ بولۇپ، 2001 ـ يىلى جىنىس دۇنيا قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

شېئىر — ئۇچقان قۇشنىڭ يىلتىزى.
ئاھ، شېئىر، مەن يازغان شېئىرلار
تەكلىماكان قۇمى ئاستىدا
ئۇچۇق تۇرغان تىلسىمات شەھەر،
مەن بۇ يەردە ئەرۋاھتەك يالغۇز
سەن قېنى، ئەي كىتابخانىم، كەل!

بىر تۇپ دەرەخنىڭ قەبرىسى نەدە؟
قۇرۇق ياغاچ راۋاب ئەمەسمۇ؟!
ئاق قەغەزدە مۇردىسىز قەبرەم
يوقلاپ قويساڭ ساۋاب ئەمەسمۇ؟
يۇلتۇزلارنىڭ گۇمبىزىدە بىز،
يەردىكى ئىز — بۇ ئۆچمەس خەلق.
ئەي شېئىرنى سۆيگەن ئىنسانلار
ئوقۇغۇلار بىز بولماستا غەرق...

※ ※ ※

كىم سەن ئۆزۈڭ؟
سۇدەك يېقىن، تۇزدەك ناتونۇش،
قويۇۋەتكىن مېنى، كىتابخان
مەن كىتابقا سولانغان بىر قۇش.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.

## يېرىم ئاسمان

تۆكۈلدى يەرگە
شامالنىڭ كىرپىكى،
خەيرىنسا
ئون ياشلىق قىز شېھىتلىكتىكى
يېرىمى قىز، يېرىمى توپا.

ئېرىگەن تۈزدەك شەھەر ئۈرۈمچى،
جەنۇبلۇق يېتىمچى تاۋۇز ساتىدۇ.
تاۋۇزىنى بېقىپ ئاخشىمى
ئوغلى بىلەن يولدا ياتىدۇ.

ئىجارە ئۆي قىممەت ھەمدە قىس،
تام تۆشۈكىدىن مارىلايدۇ قىش،
ئانا ھۇشسىز، قىز ياتار يەردە
ئىس ئەپكەتتى مەشتىن يانغان ئىس،
كۆردى دادا كېلىپ سەھەردە.

ئەڭ يېقىن ئۇيغۇر شىپاخانىسى
پەرىشتىسى ئاق، بىراق جان نېسى.
ئىس ئەپكەتتى قىزنى ئاسمانغا
گۆر ئاغزىدىن قايتتى ئانىسى.

كۆچ ۋە ھەۋىسى.
ئالىدۇ لوڭقا
قۇمدا مېڭىپ،
سىمدا مېڭىپ،
بوشلۇقتا ياشاپ،
قان قۇسۇپ يەردە.
بۇزماي ھېچنەرسە
بۇزسا ئەگەردە
جىنس دۇنيا رېكورتىنى
ئالقىشلىنار پۈتۈن شەھەردە.

قورقۇنچاقلار تاللار ئۆلۈمنى
بولمىسىلا خەۋپ ـ خەتىرى،
بىر نەپەستىن، بىر كۈن ـ بىر كۈندىن
چىداپ ياشار ئەلنىڭ سەرخىلى.

جىنس قامۇسىدىن ئالدى ئورۇن
غوڭقا ئىككى مىڭ بىرىنچى يىلى،

چېلىنار غوڭقا
سۈكۈت مۇزىكا،
جەسەت ماڭماقتا.
قەبرە كولىنار،
ياتقان بوۋاق
شېئىردۇر ئوماق.

2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

## ئايالالار كېسىلى

1

ئايالالار سۇ سۈزۈك ـ سۈزۈك ...
دەريا سالدۇردى ئۈزۈك،
قىزىل رەڭلىك سۇ
قۇيرۇقى ئۈزۈك
پىلتىڭلار قۇمدا.
ئېمىتمەكتە ئۆلۈك بېلىقنى
ئەمچەكلىرى چىڭقىلغان دەريا.

2

قۇملۇق قۇياشىنىڭ نەزىر سۇپىسى،
ئۇسسۇغان خەلق
ھاياتلىق سۈيىنى كېلىدۇ باشلاپ،
دەرياغا تىرىك قىزلارنى تاشلاپ.
جەنۇب ئاپتىپىدا
سارغايغان قىزلار
ئېزىلىپ ياتار يانپاشلاپ.

3

دوختۇرخانا —
قىز يەيدىغان كاۋاك دەرەخ،

دەرت بۇلا ئەمەس، يەنە بىر قېتىم
كىشىلەر قۇتقۇزدى تەڭلىكتىن ئەرنى،
راسلاپ قىزنىغا كېپەن ۋە يەرنى.

گېزىتتىكى خەيرىنىسا ئەمدى
شەھەر سىرتىدا زەرەتگاھلىقتا،
يېرىمى قىز، يېرىمى شامال
چېچى كۆزدە، كىرپىكى قىشتا.

2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.



6

ئېچىلغاندا ئىشىكى يازغا
قېرى ئۆژمە دەرىخىنىڭ،
سوپىسوپىياڭ سايرايدۇ،
ئاۋازى يولتۇزدەك.
ئېچىلغاندا قاۋاقخانا ئىشىكى
قىز قارايدۇ،
ئەيدىز مارايدۇ،
ھىسابى يولتۇزدەك.
ئۆلۈم بىزنى يالايدۇ،
بىز ئۆلۈمنى تېتىيمىز تۇزدەك.

7

ئايالىلار كېسىلى
ئېقىپ كېلەر
بوغۇلغان بولاقتەك
تەن بىلەن تەن ئارىسىدا.
ئايالىلار كېسىلى
كۆز ئاچىدۇ بوۋاقتەك
ئەرلەرنىڭ يارىسىدا.

8

بۇ قەغەزدە
يېڭى بىر ئايال،
ئايال كىرىپ كەتكەن مىسرادىن
يوگۇرۇپ چىقتىم كوچىغا.

گۈل يەيدىغان غەلىتە پۇراق،
پۇل يەيدىغان تېگى يوق بۇلاق.
دېھقان قىزى توختىدى ئىڭراپ،
ئۇ كۆكلەمدە پەلەمپەيدىكى
ئېچىلىپ قالغان پىياز چېچىكى.

4

بىر ئايال چىقتى كوچىغا
ئىشتانىنى بېشىغا كىيىپ.
ئالتۇن چىشلىق بىر چوكان
ئەزرائىلغا تۇرار ھىجىيىپ.
قىيسايغان تام تۈۋدە تىۋىپ
ئۆلمەسلىك دورىسى ياسىماقتا
ئەرزان ئوت ـ خەسلەرنى تېرىپ كېلىپ.

5

پايپېلەككە پايپېلەك
بىزگە سەندەك ئاي كېرەك.
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالە،
بىز ناۋات چاي، چاي كېرەك.
ئاي مەلەڭگە بارغۇچە
چۈشتى يەرگە قاراڭغۇ.
ئالاي دېگەن جۇۋاننىڭ
بەرى كېسەل، ياداڭغۇ.

# ئىشخانىدىكى يۈز

ئورمىنىدا جىق ـ جىق كۆزلەرنىڭ
كېتىۋاتقان ئادەممەن تەنها،
يۈزلىرىمگە ئۈنۈپ چىقتى تۈك،
قۇلىقىمغا يېتى بىر قۇلاق،
بولۇپ قالدىم تىلسىز، ئېغىر، شۇك
ناتونۇش بىر مەخلۇقتەك گويا.
مەن بوز تەخەي ئۆشنىسىدە يۈك،
باغلىنىپ بىر موما ياغاچقا
ئايلىنىمەن كەچ كىرگۈچە تا،
ئايلىنىدۇ چەشلىرىم تاشقا.

ئىشخانىغا نىقاپنى تاشلاپ
مەن بىر كۈنى
قېچىپ كەتسەم قىپيالىڭاچ،
ناۋاي بولماي، بولسامەن مىسكەر
ئەنسىرەيمەن قالارمەنمۇ ئاچ.
بولۇپ قالسام كاۋاپچى ئەگەر
كىم زىختىكى يۈرىكىمنى يەر؟
ياتسام قاردا كۆكسۈمدە خەنجەر
ساقچى ئۆزى ئۆلۈۋاپتۇ دەر...

قار ۋە سەھەر
مەن يېلىنجاپ تۇرغان چوغ،
تۇرغىنىمدا بامداتقا سەھەر
دەرەخ، يۇلتۇز يەنىلا گۈزەل.

ئاندىن
ھاۋا ماڭا كۈلۈمسىرىدى.
— مەن ساق،
مەن ساق،
ئەي ئادەم خاتىرجەم كېلىۋەر دېدى.

بىر تۈپ يامغۇر دەرىخىنىڭ ئاستىدا
ئايالى ھۆل ئۇيغۇر شائىرى
نومۇستىن ئۆچۈپ كەتتى ئاستىلا.

شېئىرمۇ بۇ ھەسەن ـ ھۈسەنمۇ؟

2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.



# خوتەن

قېيىنئاتام ئاچتى ئىشكنى
خوتەنگە،
كىتابۇللا كىتاب يۇلتۇزى،
يول - يوللاردا ئادەم ۋە توپا
ياڭاق شېخىدا ئاينىڭ كەچكۇزى.

تىرىك تىرىكنىڭ ئىزى،
تىرەك تىرەكنىڭ ئىزى.
ساي - سايلاردا، يېشىل جايلاردا
ئۇيغۇر يىلتىزى.

مەن دەريانىڭ كۆيئوغلى،
كۆيۈپ كۇل بولغان توغراقلار بىلەن
خوتۇنۇم دەريانىڭ قىزى.

بىر خوتەنلىك
نەزىر قىلدى تۆگە بوغۇزلاپ،
سۈدىن سۈزۈك شەھەردە.
بىر بىچارە ماڭدى ئوغرىلاپ
پۇچۇق يارماق تۇرمىدى يەردە.

مەن خوتەننى تاللايتتىم
تۇغۇلسام قايتا ئەگەردە،
نەدە بولسا ئۇل كەبە، يا رەب،

بىر كۈنى
ئۇچۇپ كەتسە تېنىمدىكى قۇش،
قۇرۇپ كەتسە يېنىمدىكى قول،
مەن زېمىنغا نىقابىنى تاشلاپ
يۈگۈرەرمەن سۇدەك يالىڭاچ ...

جىرىڭلىدى تېلېفون،
قول ئۈزاتتى ئەرۋاھىم،
چۈنكى مەن يوق يۈز يىلدىن كېيىن.

2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.



## قارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

دەرەخلەرگە يېزىلدى
قارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى،
تەن دەرىخىمدە
سۆيگۈ چاقماق، چاقماق يىلتىزى
يارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى.

قار تۇغۇلدى كېچىچە،
تۇغۇلمىدىڭ سەن تېخىچە.

بۈگۈن بۇدرۇق چارشەنبە
كېچىنى ئىشىكسىز ئېچىپ
كوچىدا سۈزۈك سەھەرنى چېقىپ،
تۇمشۇقىنى قارغا تىقىپ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا
نەپەس ئالار ئىسسىق، بەك ئىسسىق.
كەچ كىرگەندە
كىرىپ كېتەر ئۇۋىسىغا
قۇيرۇقىدا قار يۇقى،
غەرق بولار شېرىن ئۇيقۇغا
قاراڭغۇدا ۋاللىداپ تۇكى.

بۈگۈن چارشەنبە
يەرگە يورۇق چۈشكەندە،

خوتەنلىكلەر تېپىپ بارار دەپ
بولمىغانمۇ كەبە خوتەندە؟

سارغۇچ كىتابتا سارغايغان تېرە
كىيىپ يۇردۇم كۇلاھۇ جەندە.
مەن شا مەشرەپ ئەمەس خالايىق
تۇپراققا تالىق باشقا بىر بەندە.

— كولاپ چىققىنىڭلار كىمنىڭ بېشى؟
— كاللا ئەمەس چوڭ بىر قاشتېشى.

كۆرۈنمەس قول ئاچتى كىتابنى،
كېچە
ھەر بېتىدە تۈمەن مىڭ مىسرا،
ئوقۇپ تۈگەت ئەڭ ئاخىرغىچە.

2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.



شۇندىن بېرى
ئۆيىمىزنىڭ ھەر بوشلۇقىدا
پورەك - پورەك سۆيگۈ گۈللىرىم.

ئارىمىزدا سۇزۇك بىر ئىشىك،
سەن ئىشىكتىن كىرسەن ماڭا،
مەن ئىشىكتىن كىرىمەن ساڭا.

ئېچىلدى ئىشىك،
پەسىللەر تۇغۇلدى،
ياشلىقىدا قار،
سەن قار گۈلى ھەر گۈلدىن كىچىك.
چوڭ بولمايسەن، كونىرىمايسەن
ھەر كىمدىن ۋە ھەر كۈندىن كىچىك.

قار ئىسمىڭنى چاقىردى،
چىقايلى تەڭ شارپاڭنى ئورا.
سەن بىلەن قار تەڭ تۇغۇلغان كۈن
تەنتەنىگە چۆمۈلگەن قورا.
ئايىغىمىزدا ئاق يۇلتۇز ياكى
گۈل چېكىلگەن ئاق پاياندار قار.
قولتۇقلىشىپ ماڭايلى تاكى
چاچلىرىمىز ئاقارغىچە ياز.

※ ※

دەرەخلەرگە يېزىلدى
قارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى.
تەن دەرىخىمدە

كۈننىڭ بەرگى يەرگە چۈشكەندە،
كۈندۈز نۇرنىڭ مۈزنىكىسىدا
لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەندە،
خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتىلەر
بىردىنلا ئۆرە - تۆپە بولۇپ كېتەر،
سۈت ۋىلىققىدە كۆلۈپ كېتەر،
ئارقىدىن قېتىق بولۇپ ئۇيۇپ كېتەر.
قىزىلگۈل بېغىشىدىن ئېرىپ تامچىلاپ
تامچىدىن ئەسلىگە كېلەر قايتىلاپ.
ۋاقىتنىڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىن
بىر جۈپ بوتا كۆز ئېچىلار لاپ - لاپ
سەن تۇغۇلغان مانا مۇشۇنداق.

سەندىن چوڭراق
يەنە بىر بوۋاق
تۇغۇت ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا
كۆرۈنمەستىن تۇراتتى ساقلاپ،
بىز تونۇشقان مانا مۇشۇنداق.

شۇندىن بېرى
دۇنيا قىز بولدى
مېنىڭ كۆزۈمدە.

شۇندىن بېرى
شاراپقا تولدى
مېنىڭ كۆڭلىرىم.

## قاغىلىق

قارا قاغىدەك ئولىشىپ
قارىسىنى ئۆشتىدۇق
ئۇرۇمچىدە،
بىر ئاشپۇزۇل ئىچىدە،
بىزگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ
بىر توپ ياڭاق يا بىر توپ سېدە،
بىر كاللەك ئەسلىمىنى چۇۋۇماقتا
يۇرتداشلار ئۇنىڭ تۇۋىدە.

ياغماقتا بۇرۇنقى قار
ئۆلۈكلەرنىڭ چۈشىدە،
بىز بەزىدە بار
باشقا يۇرتتا باشقا ۋاقىتتا
قايتا تۇغۇلغان ئادەم تۇسىدە.

بەزىمىز تۇگەتتۇق قىرىپ
سۆۋەرەكنى ئۆيىمىزدىكى،
بەزىلىرىمىز ھەزىم قىلىپ
زور ئىشلارنى ئويىمىزدىكى،
بىراق ھەممىمىز
ئۇھ تارتىمىز ئەسكە ئېلىپ
ئىسەنكىرەشنى تويىمىزدىكى.

ئاي سۇ ئىچكەن تاشئۆستەڭ
يېشىل يازدا خۇشياقار مۇزدەك.

سۆيگۈ چاقماق، چاقماق يىلتىزى
پارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى.

2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.



تىرىك پېتىچە.
مېڭىپ يۈرىمىز
بىز تېخىچە
ئېتىلمىگەن كوچا ئىچىدە.

2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.



قاغىلىق جامىئىدىن ئۆتسەڭ
قىم ـ قىم ئادەم ئاقار يۇلتۇزدەك.
ئۇپۇقتىن ئۆچكەندە ئاخىرقى چوغ
قاغىلىق تاغلارنىڭ ئارىسىدا
يەنىلا ئۆزىنى تۇرىدۇ پۈۋلەپ.
بىز بۇلارنى تىلغا ئالغاندا
بېسىقمايمىز كاككۇكتەك ئۇنلەپ.

ۋاقىت ئاغزىمىزدىن چىقماقتا،
گەپ قىزا بىلەن چايىنالماقتا،
ئات لىگەندىن ئىچىمىزگە چاپماقتا،
ھۆرمەتجان ئۆزىنى پارچىلىماقتا
كىتابلارنىڭ گال پېچىقىدا.

بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ
قىپيالىڭاچ چىققانلار قېچىپ
يەنە بىر شەھەرنىڭ مەرىدىن كېچىپ
دەپنە قىلدى قەدەھلەرگە ئۆزىنى.

تۇگەتكەندە شائىر سۆزىنى
تۇن چانىقىدا يۇلتۇزلار لىق،
ئۇزۇن كىرپىكتەك تىرەكلەر ئارا
قاغىلىق
ئاستا ـ ئاستا يۇمدى كۆزىنى.

تۇن نىسبىدە
مىغ ـ مىغ ئۆلۈك
ياتار قەبرىسىدە

ئۇسسۇل ئوينار تولغىنىپ،
قارا قازان ئاستىدا.
ئوتلۇق بەدەن ئوتلۇق پۇت
توختىدى ئۇشتۇمتۇت.

قارا ئاسمان ئاستىدا
ئەتلەس كىيگەن ئۇيغۇر قىز
بىر چۆرگىلەپ توختىدى،
توختىدى كۆن ئۇسسۇلدىن
مەخمەل پەردە چۈشتى تېز.

ئاندىن
ئاشخانا قاراڭغۇ
تالا يوق.

4

قوش كىشىلىك مەسچىت بۇ
ئىچىمىزدە ھىلال ئاي.

5

گۈل ئۈستىدە گۈل،
يۈز ئۈستىدە يۈز،
سەھەر ئۈستىدە كېچە
ھاياتلىق ئۆلۈم ئۈستىدە.

6

جۇمەك بۇزۇلدى
ناخشاڭنى ئېيت سۇ!

## ئۆي نەزمىلىرى

**1**

ئىشىكى بار ئادەم بىلەن تام
ئائىلە دەپ ئاتالغان.
ئەر ئۆيىنىڭ چىرىغى
خوتۇن ئالتۇن چىراغدان.

**2**

مەن دىۋاندا ئولتۇرغان.
بىر بۇلاق
يېنىمدا تۇرغان
ئېقىپ چۈشتى يالتىراپ،
ئاندىن كىردى ئاشخانا ئۆيگە،
قاچا - قۇچىلار تولدى شوخ كۈيگە.

خوتۇنۇم يېرىم بۇلاق يېرىم ئايال
مەن غېمىيىپ كەلگەندە ئىشتىن.
قار تالادا سوغۇق ۋارقىرار
قېچىۋاتقان دەرەخ مەن قىشتىن.

**3**

ئاش پىشماقتا.

كۆك ئەتلەس ۋە قىزىل ئەتلەستىن
كۆڭلەك كىيگەن نازۇك ئوت

# ياڭاق مېغىزى

بىر بوۋاق
ياڭاق شاكىلى ئىچىدە
كۆزىنىمۇ ئاچماستىن ئوماق
سۈت ئېمىدۇ كېچىدە.

ياڭاق شاكىلى ئىچىدە
تاغ، ياغ، شەھەر،
يېپىشلىك جۇغراپىيە،
نېپىز بىر قات پوستى بار سەھەر.

ياڭاق شەھەر ئېچىلدى
قانداق قىلار مۇدۇك ئادەملەر؟

ئەگەر
يامغۇر ياغسا چۈشتىن كېيىنمۇ
سۇزۇك قەبىلە يالىڭاچ، نەم.
كىرىۋالار شاكال ئىچىگە
چاقماقتىن قورقۇپ شۇنچە كۆپ ئادەم.

بىراق مەن
ياڭاق چېقىۋاتقاندا
مۇزىكىلىق سېزىم ئىزدەيمەن.
شاكالدىكى شىرىن مەخپىيەت،
ياكى بەدىنى قاتقان قىز دەيمەن.

ئېتىلىپ چىقتىم قاراخانىدەك،
جەڭ قىلدىم سۇ چېچىپ قاندەك،
مەن يېڭىلگەن ئاقسۆڭەك،
بۇ ئىشلارغا ئەپلەشمەس قولۇم.

جۇمەك بۇزۇلدى
كەل قارا قولۇم!

7

ئىشىك تاراقلىدى،
چېچىلدى ئۆي ئىچىگە
جىمجىتلىقنىڭ ۋاراقلىرى.
جىن ئوقۇشتىن توختىدى،
شائىر ئوقۇشقا باشلىدى بىردىن.

2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.



# قۇشقاچلار شاختا

قايتتى ئەرۋاھلار
مىنىپ ۋاقىتقا،
توختىدى قار.

كۆڭلۈم قاردەك يورۇق،
چوڭقۇرلىرىمدا
جىمجىتلىق
بولدۇق - بولدۇق.

بۇ بىپايان دەرۋىشلىك پەسلى،
قولۇمدا تەسۋى،
مەن دۇنيادا يوق.

دېرىزە ئوچۇق،
شاخلاردا
قار مەنزىرىسى.

ئايالىم جۇمەكنى ئاچتى،
سۇ قىرائەت قىلماقتا
ماڭا ئەگىشىپ.

باشلىنىۋەتتى ئارقىدىنلا
نەغمىچى قۇشلار.

2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

يېڭى يىل ئېشىكى ئېچىلدى قىيا،
ئېچىلماقتا باش سۆڭىكى دۇنيانىڭ
نېمىدېگەن گۈزەل قۇرۇلما.

2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.



كەتتىم، بىرسى چۈشتى پېيىمگە
كۆلەڭگىسى پەشتاقتا ئەنە.

پۈل ياغماقتا تالاغا چىقسام
بايلار ئىزدەپ يۈرىدۇ مەنە،
كەمبەغەللەر ئىزدەر ئۆزىنى.
كىرىۋالسام كىتابخانامغا
كۈندۈز ئۆلەر يۇمۇپ كۆزىنى.

كومپيۇتېر جانسىز، مەنىسىز
ئىسسىق قولنى ئۆلتۈراي تۇتۇپ.
سارغۇچ كىتاب ۋاراقلىرىدا
سۆۋەرەكتەك جەسەدىم قالسا
قوي كىتابخان نوقۇپ ئويغىتىپ.
گېزى كەلسە تاشلاي قەلەمنى
ئوبزورچىلار قالسۇن قان يۇتۇپ.

ئېچىلماقتا ئىشىك ئاسماندىن
خوش دېمەيمەن ئەمدى ھېچكىمگە.
ئەي دېڭىزچى، مېنى سېلىۋال
تەۋەككۇلچىلەر چىققان كېمىگە.

2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

# تۇز

سۇزۇلمەكتە كۇنلەر ئالدىمدا
ماناندىكى تاغ چوققىسىدەك،
باناندىكى قىز پۇرىقىدەك.

پوستى تېخى سويۇلمىغان قىز.

ئىشخانامدا سويۇلماقتىمەن،
بەزى لايپاس، بەزىدە تېز - تېز.

يازدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى
ئەسلەپ قالدىم قاردەك تۇيۇقسىز،
تىتىغاندا يېڭى بىر تەمنى
شېھىت قايتىپ كەلسۇن قانداقمۇ؟
كەتسە تاقاپ گۇزەل ئالتۇن تاج
گۇللەر قايتىپ كەلسۇن قانداقمۇ؟
قايتىلانماس ئۇلۇغۋار كۇنلەر
تۇزسىز كۇنلەر تەكرار ھەر كۇنى.

ئوڭ تەرەپتىكى سېمىز ئەر كىشى
سوزدى قولىنى تەخسىگە يەنە.
سول تەرەپتىكى نامسىز ناخشىچى
مەيكول جېكسوندەك تولغىنىپ، سەكرەپ
ئۇنىڭدىن بەك قىلار تەنتەنە،

بىردىنلا
قىيپىيالىڭاچ مەن
ھەي تاش، توختا!

2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.



# يۇيۇنۇش

كىيىمنى ئېلىپ قاچتى تاش،
مۇسا پەيغەمبەر قىپيالىڭاچ
قوغلاپ كەتتى تاشنىڭ كەينىدىن[1].

زامانلار كەينىدىن يۇگۈرەيمىز،
ھەممە ئادەم ۋە ھەممە نەرسە
تاشقا ئوخشاش شەھەر ئىچىدە.

سۇنىڭ ئاۋازى،
سۇنىڭ بىلىكى،
سۇنىڭ سۇزۇك تېرىسى،
راھەتلەندىم يېرىم كېچىدە.

ئاقار يۇلتۇزلار چاچلىرىمدىن
تامچە ـ تامچە
تامچە ـ تامچە...

كەتسەممۇ مەن يوغىناپ
ئوتتۇز بەش يىل بۇرۇنقى تامچە.

بىز زېمىندا يۇردۇق دومىلاپ،
بىز دېڭىزدا چاقناپ، توۋلاپ...

---

① بۇخارى ھەدىسلىرىدىن

تەكلىپلىك تەھرىر : مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# دېڭىزدىكى كوچا

ئادىل تۇنىياز

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2005-يىل 10 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2005-يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا 1 -قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12.625
سانى : 2500 - 0001
باھاسى : 28.00 يۈەن



ISBN 7-105-07584-8/I · 1625
民(维229)　　定价：28.00元

ISBN 7-105-07584-8
9 787105 075843 >